


ئابدۇقاھار ھامىدىن

# رەھىمسىز يىللار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



5

ISBN 7-228-05780-5
9 787228 057801 >

ISBN 7-228-05780-5
I·2145(民文)定价:8.50元

15
I247.5
133

ئابدۇقاھار ھامىدىن

# رەھمەسرىيلار

(تارىخىي پوۋېست)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

无情的年代:维吾尔文/阿布都卡哈尔·阿米丁著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.8

ISBN 7-228-05780-5

Ⅰ.无… Ⅱ.阿… Ⅲ.中篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 22972 号

责任编辑:买买提依明·西帕

责任校对:阿斯亚·艾合买提

封面设计:艾克拜尔·萨里

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)

新疆新华书店发行

新疆哈密地区印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本 5.125 印张

2000 年 8 月第 1 版 2000 年 8 月第 1 次印刷

印数:1—4000

---

ISBN7—228—05780—5/I.2145 定价:8.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# رەھىمسىز يىللار

(تارىخىي پوۋېست)

**ئابدۇقاھار ھامىدىن**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.125
2000 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 4000 — 1
ISBN7—228—05780—5/I • 2145
باھاسى: 8.50 يۈەن

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 42
ئۈچىنچى باب ........................................ 86
ئاخىرقى سۆز ........................................ 158

# بىرىنچى باب

## 1

ھىجرىيە 531 - يىلى ①، كەچ كۈز.

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان تاش قەلئەدە يېقىنقى بىر قانچە كۈندىن بۇيان توختىماستىن جۇدۇن - چاپقۇن بولۇۋاتاتتى. غەربتىكى قارلىق تاغدىن سوقۇۋاتقان مۇزدەك سوغۇق شامال قەلئە ئىچىدە گويا ئەجدىھادەك ھۇۋلاپ، يوللار ۋە باغلاردىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئالتۇن سىرغىلىرىنى قۇلاقلىرىدىن سىيرىپ ئېلىپ، ئاللىقاياقلارغىدۇر ئېلىپ كەتمەكتە ئىدى. . .

تاش قەلئە شەرقىي قاراخانىيلارغا قاراشلىق ئېلىك خانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز سېپىللار بىلەن قورغانغا ئېلىنغانىدى. قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىكخان ئوردىسى ئاجايىپ كۆركەم - نەپىسلىكى بىلەن ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى خىش بىلەن سېلىنغان ئېگىز مۇنارلىرىغا ھىلال ئاي بېكىتىلگەن، قۇببىلىرىگە ھەر خىل نەقىشلەر ئويۇلغان، ئەتراپىدا چوڭ - كىچىك مەسچىتلەر ۋە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان نۇرغۇن كەپىلەر بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇلار گويا خان ئوردىسىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قارۇغچىلار②دەك قاتار تۇرۇشماقتا ئىدى.

خان سارىيى ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان بولۇپ،

① ھىجرىيە 531 - يىلى مىلادىيە 1136 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② قارۇغچىلار - مۇھاپىزەتچىلەر، قاراۋۇللار.

ئالدى شەرققە قاراپ تۇراتتى، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە تۇتاش قىلىپ باشقا سارايلار ۋە ئىشخانىلار سېلىنغانىدى. شۇ تاپتا، خان سارىيىنىڭ رۇجەكلىرىدىكى ھالرەڭ پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ۋە ھەرخىل نەقىشلەر ئويۇلغان ئىشىكمۇ مەھكەم يېپىۋېتىلگەنىدى. سارايىنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي كۆك سىغىز بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، ياغاچ - تاشلىرى رەڭمۇرەڭ پار - پۇرلار بىلەن بېزەلگەنىدى. بۇ نەقىشلەر خان سارايغا قويۇلغان كۈمۈش قەندەللەردىكى شاملار يورۇقىدا جۇلالىنىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. سارايىنىڭ تېگىگە خوتەننىڭ ئەڭ ئېسىل گىلەملىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۇ قارىغان كىشىگە گويا رەڭمۇرەڭ گۈلزارلىقنى ئەسلىتەتتى. سارايىنىڭ تۆرىگە ئالتۇن كۇرسى قويۇلغان، كۇرسىنىڭ ئالدىغا بىر دانە يولۋاس تېرىسى سېلىنغانىدى.

ئالتۇن كۇرسى ئۈستىدە بېشىغا ئىلىكخانلىق تاج كىيگەن، ئۈستىگە يىپەكتىن تون كىيىپ، بېلىنى كۈمۈش كەمەر بىلەن باغلىغان، پۇتىغا كابۇل ئۆتۈكى كىيگەن قوشۇما قاش، بۇركۈت كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا يارىشىملىق ساقال - بۇرۇت قويغان، قىرىق بەش - ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ياسىنخان ئولتۇراتتى. خان ئۇدۇلىدىكى قەندەللەردە چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان شاملارغا قارىغىنىچە نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئىككى قارۇغچى يېرىم ئاي شەكىللىك نەيزىلەرنى يەرگە تىرىگەن ھالدا خاننى قوغداپ تىك تۇراتتى. خاننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىنى بويلاپ تاكى ئىشىك تۈۋىگىچە بولغان تاملارغا يۆلەپ قويۇلغان كۇرسىلاردا رەت - تەرتىپى بويىچە يۇغرۇش①،

① يۇغرۇش - بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر.

يابغۇ① ،توكسىن② ، سۇباشى③ ، ساراي ئۇلچىسى④ ،ئاغچى⑤ ، ئايغۇچى⑥ ، تايانغۇ⑦ ، ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى⑧ ، ئۇتاچىلار ئۇلچىسى⑨ ،تايىنغۇ⑩ ، ئارقۇ⑪ ۋە باشقا ئەمەلدارلار خاننىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ ، گويا قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك ئولتۇراتتى .

— خوش ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى ، — دېدى خان بىر پەستىن كېيىن ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان سول قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى تارىغىنىچە سول تەرەپتىكى بەشىنچى كۇرسىدا ئولتۇرغان ئىگدىشچىلار ئۇلچىسىغا قاراپ ، — شۇنداق قىلىپ ، چوپانلارنى قەتل قىلىپ ، ئاتلارنى بۇلاپ كەتكەن⑫ ياغىلارنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭلارمۇ ؟ !

— شۇنداق ئۇلۇغ قاغانىم⑬ ! — دېدى ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ، خانغا قول باغلاپ تۇرۇپ ، — بىز ئۈزلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن چوپان⑭ يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن ياغىلارنى ئۇزاققىچە قوغلاپ باردۇق . لېكىن ، بىز قارا كۆل ئەتراپىدىكى قۇملۇققا بارغاندا جۇدۇن - چاپقۇن كۆچىيىپ

---

① يابغۇ - ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر .
② توكسىن - ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر .
③ سۇباشى - ئەسكەر بېشى ، ھەربىي قوماندان .
④ ساراي ئۇلچىسى - ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى .
⑤ ئاغچى - مالىيە ۋەزىرى .
⑥ ئايغۇچى - مەسلىھەتچى .
⑦ تايانغۇ - ئاقارتىش ۋەزىرى .
⑧ ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى - چارۋا ئىشلار ۋەزىرى .
⑨ ئۇتاچىلار ئۇلچىسى - سەھىيە ۋەزىرى .
⑩ تايىنغۇ - پوتۇكچى ۋەزىر .
⑪ ئارقۇ -ئوردا قاراۋۇلى .
⑫ ياغى - دۈشمەن
⑬ قاغان - شاھ .
⑭ چوپان - ئات باقار دېگەن مەنىدە .

كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىپ قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن نائىلاج قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق.

— چوپان قېنى؟! — دېدى ئىلىكخان ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— ئۇلۇغ قاغانىم، — دېدى ئىگدىشچىلار ئولچىسى، — ئۇ ھازىر ئۆزلىرىدىن شەپقەت كۈتۈپ، ياندىكى كۈتۈش سارىيىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ئىگدىشچىلار ئولچىسى، — دېدى ئىلىكخان سوئال نەزىرى بىلەن ئىگدىشچىلار ئولچىسىغا قاراپ، — ياغىلار ئاتلارنى قانداق بۇلاپ كېتىپتۇ؟! ئۇ چاغدا چوپانلار نېمە ئىش قىلىۋېتىپتىكەن؟!

— ئۇلۇغ قاغانىم، — دېدى ئىگدىشچىلار ئولچىسى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەھەردە ئۇلار يىلقىلارنى ئەمدىلا يايلاققا ھەيدەپ تۇرۇشىغا مەشرىق تەرەپتىن تاسادىپىي توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ، بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ، چوپانلار گاڭگىراپ قاپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ھېلىقى توپا - چاڭ ئارىسىدىن غەلىتە ياسانغان ئاتلىقلار چىقىپ كەپتۇ، ئۇلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە چوپانلارنى چاناپ ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، بىزگە خەۋەر قىلغىلى كەلگەن چوپان بىر ئازگالغا كىرىپ دۈم يېتىۋاپتۇ. غەلىتە ياسانغان ئاتلىق كىشىلەر چوپانلارنى ئۆلتۈرۈپ، يىلقىلارنى مەشرىق تەرەپكە ھەيدەپ كېتىپتۇ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى چوپان ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە خەۋەر قىلغىلى كەپتۇ.

ئىلىكخان يەنە نېمىلەرنىدۇر سوراي دەپ تۇرۇشىغا، تويۇقسىز خان سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا چاۋاك چېلىندى. خان دېمەكچى بولغان سۆزىنى توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە يۈگۈرگەننىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى.

---

① يۈگۈرگەن - خەۋەرچى.

— ئۇلۇغ قاغانىم، — دېدى يۈگۈرگەن ئىجازەتتىن كېيىن خان سارايىغا كىرىپ، خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — قەشقەردىكى ئۇلۇغ قاغانىمىزدىن ئۆزلىرىگە يالۋاچ① كەپتۇ، كىرسۇنمۇ؟

— كىرسۇن! — دېدى ياسىنخان.

قەشقەردىن كەلگەن يالۋاچ خان سارايىغا هايال بولماي كىرىپ كەلدى. ئۇ خان بىلەن سالام - سائەت قىلىشىپ، تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، قىرىم مەسنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈپ، ئۇنىڭ قېتىدىن ئۈچ بۈرجەك قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە خوتەن قەغىزىنى ئېلىپ، خانغا ئىككى قوللاپ سۇندى، ياسىن ئىلىكخان تۇمارچە قاتلانغان قەغەزنى ئېچىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم.

ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىلىكخانلىرىمىزدىن بىرسى بولغان ياسىنخان ئالىيلىرىگە كۆپتىن - كۆپ دۇئايى - سالاملاردىن سۇنرە مەلۇم بولغايكىم، بىز ئۇشبۇ مەكتۇپ ئارقىلىق ئالىيلىرىگە تۆۋەندىكىلەرنى زىكرى② قىلماقچىمىز: يېقىندىن بۇيان پاسىل③ رايونلاردا تۇرۇۋاتقان قاراقىتانلار خۇپىيانە هالدا كۈچ توپلاپ، بىزنىڭ سەلتەنەتلىك خانلىقىمىزنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئېيزىزانە قەشقەرگە هەر تەرەپتىن هۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن غارايىپ ياسىنىپ - بېشىغا قالپاق، ئۇستىگە ئۇزۇن قارا چاپان، يۈزىگە ئىككى كۆزىنى ئۇچۇق قويۇپ قارا

① يالۋاچ — ئەلچى.
② زىكرى — بايان قىلىش.
③ پاسىل — چېگرا.

پەردە تارتىپ ، ھەر خىل قوراللار بىلەن قوراللىنىپ ، «تۇزۇڭنى يەپ ، تۇزلۇقۇڭغا ئولتۇراي ، دېگەندەك خاندانلىقىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن ئۆزلىرىگە جەڭ ئاتلىرى ، قورال - ياراغ ، ئوزۇق - تۈلۈك توپلاۋاتىدۇ . شۇڭا ، ئۆزلىرى ئاگاھ ۋە دانا بولۇشلىرى كېرەككى ، ئۇشبۇ ياغىلارنى قايسى جايدا يولۇقتۇرغان ھامان رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇلارنى جەھەننەمگە ئوتۇن قىلغايلا . ئىككىنچى سۆزىمىز شۇكى ، بىز ھازىر ئۇلار بىلەن ھايات - ماماتلىق ئېچىدە غازات قىلىۋاتىمىز . شۇڭا ، ئۆزلىرىدىن بىزگە تېزدىن ئون مىڭ لەشكەر ياردەمگە ئەۋەتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز .

ئۆزلىرىگە يارانقۇچى ئىگىمىز ئاللادىن بەخت ۋە سەلتەنەت تىلەپ :

شەرقىي قاراخانىيلار مەركىزى قەشقەردىن

ئىبراھىم تامغاچ قاغاندىن

ھىجرىيە 531 - يىلى زۇلقەددە»

ياسىنخان خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككى ياندىكى كۆرسىلاردا ئولتۇرغان بەگ - سىپاھلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى . ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايلىرىدا ھەر خىل ئالامەتلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ، بىراق ياسىن ئىلىكخاننىڭ چىرايىدا بولسا نە قورقۇش ، نە ئەندىشە ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى ، بەلكى ئۇنىڭ چىرايىدا ئۇشتۇمتۇتلا نارازى بولۇش كەيپىياتى شەكىللەنگەندى .

ياسىن ئىلىكخان بىر پەستىن كېيىن بىرۇككە[1] يالۋاچنى ئوبدان كۈتۈشنى ئېيتىپ ، ھەممىنى خان سارىيىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى . ئۇ باشقىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن

---

[1] بىرۇك - سارايىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار .

كۆمۈش قەندەللەردىكى شاملاردىن بىر تالنى ياندۇرۇپ قويۇپ، قالغانلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن يەنە ئالتۇن كۇرسىغا ئولتۇرۇپ، ئالماس ئۆزۈك سالغان سول قولى بىلەن ساقىلىنى تارىغىنىچە ئىختىيارسىز خىيال سۈرۈشكە باشلىدى...

2

ھىجرىيە 518 ـ يىلى ئەتراپىدا① سەددىچىنىنىڭ ئىچىدە جىن سۇلالىسى بارلىققا كەلدى. بۇ سۇلالە ئۆزىدىن بۇرۇنقى لياۋ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، ھەتتا ئۇلار لياۋ خاندانلىقىنىڭ نەسلىنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. مۇنداق تارىخىي شارائىتتا لياۋ خاندانلىقىنىڭ ۋەكىلى بولغان فېئودال ئاقسۆڭەك يەلۈي تاشىن بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە قېچىپ كەلدى. دەسلەپ ئۇ بۇ رايونغا پاناھلىق تىلىگەن، بىچارە قىياپەتتە كىرگەن بولسىمۇ، ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزلىرىگە پاناھلىق بەرگەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر غەربىي شىمالدا لياۋ خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. بۇ خانلىق ئىسلام تارىخىدا «قاراقىتانلار» دەپ ئاتالدى. بىراق، ئۇ شۇ يىلى غەربىي شىمالدىكى خانلىقلارنىڭ يەنە زەربىسىگە ئۇچراپ، ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قاتۇن شەھىرىگە قېچىپ باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىپچاقلار (قىرغىزلار) رايونىغا كىرىپ، دەسلەپ ئۇلاردىن پاناھلىق تىلىگەن قىياپەتتە كىرىۋالدى، بىراق ئارىدىن بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇلارغىمۇ تۇزكورلۇق قىلىپ، قىپچاقلارغا خان بولۇش كويىغا چۈشكەچكە ئاخىر ئۇلاردىنمۇ دەككىسىنى

---

① ھىجرىيە 518 ـ يىلى مىلادى 1124 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

يەپ ، غەربىي جەنۇبقا چېكىندى . ئاخىر ئۇلار شۇ چېكىنگىنىچە بەشبالىققا[1] كېلىپ ، ئۇيەردە قۇرۇلتاي ئاچتى ، قۇرۇلتايدا يەنلىغ تاشىن قول ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ئۆز خاندانلىقىنى تارتىۋالغان جىن سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ ، ئۇلاردىن قىساس ئېلىشقا چاقىردى . يەنلىغ تاشىن قۇرۇلتايدىن كېيىنلا ئون مىڭ كىشىلىك سەرخىل قوشۇنغا ئىگە بولدى . ئۇ بۇ جايدا ھىجرىيە 524 ـ يىلىغىچە[2] تۇردى . بۇ جەرياندا ئۇ يوشۇرۇنچە ئادەم ، ياراغ ۋە جەڭ ئاتلىرى توپلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، غەربىي رايونغا ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ، ئىمىل دەرياسى (ھازىرقى دۆربىلجىندا ) بويىغا يېتىپ كەلدى ، كېينىچە چۆچەك رايونىغىچە ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، قوجۇ خانلىقى (تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ) چېگرىسىغىچە بېسىپ كىردى .

ھىجرىيە 524 ـ يىلىغا كەلگەندە جىن سۇلالىسى يەنلىغ تاشىننىڭ قايتا تىرىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئۇزۇل ـ كېسىل زەربە بەرمەكچى بولۇپ ، غەربىي رايونغا قوشۇن ئەۋەتتى . بۇ چاغدا يەنلىغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قاراقىتانلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ قېچىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى يەتتە سۇغا كېلىپ ، شىمالىي ئىلىكخانلىقىدىن پاناھلىق تىلىدى .

شىمالىي ئىلىكخان بۇ چاغدا مەركىزىي خانلىق قەشقەرگە تازا بويسۇنماي يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، مەركىزىي خانلىقنىڭ خانى ئىبراھىمخاندىن[3] سورىمايلا تاغ يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ، چېگرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى يۈكلەش شەرتى بىلەن ئۇلارغا

---

① بەشبالىق ـ ھازىرقى جىمسار ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ .

② مىلادىيە 1129 ـ يىلى .

③ ئىبراھىمخان ـ مىلادى 1128 ـ 1158 ـ يىللىرى قاراخانىيلارغا خان بولغان .

يەر ، سۇ كۆرسىتىپ بەردى ھەم مەلۇم دەرىجىدە خىزمەت ھەققى بېرىدىغان بولدى . قارا قىتانلارنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى بولسا، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى قەشقەر چېگرىسىغا كېلىپ ، دەسلەپ ئىبراھىمخاندىن پاناھلىق تىلىدى . ئىبراھىمخان يەرلىك خانلىقلار بىلەن كېڭىشىپ ، ئۇلارغا پاناھلىق بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا قاراقىتانلار بىردىنلا تۈلكە تېرىسىنىڭ ئورنىغا بۆرە تېرىسىنى كېيىپ ، قەشقەرگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى . قاتتىق كۈرەشلەر نەتىجىسىدە ئاخىر ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ شىمالغا قاچتى . شىمالىي ئىلىكخانلىق بولسا ، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئازغىنە زىددىيەتنى دەپ ئۇلارغىمۇ پاناھلىق بەردى .

شىمالىي ئىلىكخانلىقنىڭ مەركىزىي خانلىقنى كۆزگە ئىلماي ، تەپتارتماستىن ھەددىن ئېشىپ ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە پاناھلىق بېرىشى شەرقىي قاراخانىيلاردىكى بىر قىسىم ئىلىكخانلىقلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئاشۇ غەزىپى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە تاش قەلئە خانى ياسىنخانمۇ بار ئىدى . شۇڭا ، شۇ قېتىملىق كېڭەشتە دادىللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ قاغانىم ! — دېدى ئۇ مەركىزىي خانلىقنىڭ خانى ئىبراھىم تامغاچ خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — ھۆرمەتلىك پاسىبانىم ، كەمىنە ئىلىكخانلىرىنىڭ ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئىككى كەلىمە سۆز قىلغۇسى كېلىۋاتىدۇ . پېقىرنىڭ قارىشىچە ، ھازىر شىمالىي ئىلىكخانلىق بەكمۇ ھەددىن ئېشىپ كەتتى ، ئۇلار ھازىر مەركىزىي خانلىقنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ . ئەگەركۆزگە ئىلغان بولسا ، ئېقىپ يۈرگەن قاراقىتانلارغا بىز پاناھلىق بەرمىگەندىن كېيىن ، ئۇلارمۇ پاناھلىق بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلارنى قاراقىتانلارغا تاغ يوللىرىنى ھەم چېگرا رايوننى قوغداش ۋەزىپىسىنى يۈكلىشى خۇددى ئەجەل

سىرتمىقىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويغاندەكلا بىر ئىش. ئېقىندى قاراقىتانلار بارغانلا يېرىدە دەسلەپ پاناھلىق تىلىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئارقىدىنلا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۆزىگە پاناھلىق بەرگەنلەرگە مۇشت ئېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، غەربىي شىمالدا، قىپچاق دالاسىدا ئۇلار شۇنداق قىلىپ دەككىسىنى يېدى. ئەمما، بىزنىڭ شىمالىي ئىلىكخانلىقىمىزنىڭ ئازغىنە زىددىيەت، مەنپەئەتنى دەپ، ئۇلارنى ئۆز زېمىنىغا كىرگۈزۈشى خۇددى ئوتۇنچى يولدا ئۇچرىغان نىمجان يىلاننى قوينىغا سېلىپ، ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەكلا بىر ئىش، يەنى مەسىلەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى بار ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېشىكى بىلەن تاغدىن ئوتۇن توشۇپ جان ساقلايدىكەن. ئۇ قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تاغقا ئوتۇنغا چىقىپتۇ. قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە بىر توڭلىغان يىلانغا يولۇقۇپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: «ھەي، بۇمۇ خۇدا ياراتقان بىر جانغۇ؟! قېنى بىر ساۋابلىق ئىش قىلىپ قوياي» دەپ ئۇنىڭ زەھەرلىك مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قوينىغا ساپتۇ. يىلان ئۇنىڭ قوينىدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ھوشىغا كېلىپ، ئوتۇنچىنى راسا چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ساۋابلىق ئىش قىلىمەن، دەپ ئويلىغان ئوتۇنچى شۇ ساۋابلىق ئىش بەدىلىگە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىپتۇ. ئۇلۇغ قاغانىم! دېمەكچىمەنكىم، شىمالىي ئىلىكخان نادان، قارا قورساقلىقىدىن بۇ ئىشنى قىلدى. يىلاننىڭ ئادەم چاقمايدىغىنى يوق. شۇڭا، بىز ئەمدى يەنە شىمالىي ئىلىكخاننىڭ قىلمىشىغا سەۋر قىلىپ تۇرساق ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى بىز دەرھال قوشۇن تارتىپ شىمالىي ئىلىكخانغا جازا يۈرۈشى قىلايلى. بۇ ئارقىلىق بىرىنچىدىن، شىمالىي ئىلىكخاننى مەركىزىي خانلىققا بويسۇندۇرۇپ، خانلىقىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ

قالايلى . ئىككىنچىدىن ، ئىقىندى قاراقىتانلارنى ئۆز پاسىلىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى . مۇنداق قىلمىساق بىز كەلگۈسىدە زور بالاغا قېلىشىمىز مۇمكىن .

ياسىنخاننىڭ بۇ سۆزىنى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۇرۇشتىن قورقمايدىغان خانلار قوللىغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە كۆپ ساندىكى قورساق باقار ، قورقۇنچاق خانلار قوللىمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەركىزىي خانلىقنىڭ خانى ئىبراھىم تامغاچ خان قابىلىيەتسىز ، بىغەم ، قورقۇنچاق ئادەم بولغاچقا ئۇرۇش قىلماسلىق تەرەپتە تۇرۇۋالدى . مۇشۇ سەۋەبتىن ياسىنخان قاتارلىق ئۇرۇش قىلايلى ، دېگەن خانلار ئامالسىز قالدى .

ئەمدى شىمالىي ئىلىكخانلىق پاناھلىق بەرگەن قارا قىتانلارغا كەلسەك ، ئۇلار ئۇ يەردە بىر مەزگىل ناھايىتى ياۋاش ، بىچارە ھالەتتە جىم تۇردى . بىر قانچە قېتىم شىمالىي ئىلىكخانلىقتا ئۆزلىرىنىڭ سادىقلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ بارلىق شەرتلىرىگە كۆندى .

«ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك ھىجرىيە 533 ـ (مىلادىيە 1130 ـ ) يىلىغا كەلگەندە ، كۈتۈلمىگەن يەردىن قاراقىتانلارنىڭ ئامىتى كېلىپ قالدى . شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ شىمالىي ئىلىكخانلىقىدىكى بىر قىسىم خانلار ۋە بەگلەر مەركىزىي خانلىققا بويسۇنماي ئىسيان كۆتۈردى . بولۇپمۇ قارلۇقلار بىلەن باشقا قەبىلىلەرنىڭ كۆتۈرگەن ئىسيانىنى شىمالىي ئىلىكخان باستۇرالمىدى . شۇ سەۋەبتىن ئاخىر يەنلىغ تاشىنى بۇ ئىسياننى باستۇرۇپ بېرىشكە چاقىردى . يەنلىغ تاشىن بۇ قېتىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئىسياننى ناھايىتى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ تارتۇقلاندى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاراقىتانلار شىمالىي ئىلىكخانلىقنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ ، بالاساغۇن[1] ئەتراپىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

① بالاساغۇن ـ ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا .

بولدى.

بۇ مەزگىلدە شىمالىي ئىلىكخانلىقتىمۇ، شەرقىي قاراخانىيلاردىمۇ ھەر خىل گۇرۇھۋاز بۆلگۈنچىلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. قاراقىتانلار خانى مانا مۇشۇ سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ۋە بۇ پۇرسەتتىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى بالاساغۇن ئەتراپلىرىغا توپلىدى ھەم شىمالىي ئىلىكخان بىلەن ئۆزلىرىگە پاناھلىق بەرگىلى ئۇنىمىغان شەرقىي قاراخانىيلاردىن ئۆچ ئېلىشقا يوشۇرۇن تەييارلىق قىلدى. مانا ئەمدىلىكتە قاراقىتانلار «سېنى كىم ئۇردى دېسە، مېنى مەن نان بەرگەن ئاكام ئۇردى» دېگەندەك ھەرقايسى جايلاردىكى قاراقىتانلار بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر شەھىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراشلىق باشقا شەھەرلەرگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغىدى.

ياسىنخان شۇتاپتا، شۇلارنى ئويلاپ، مەركىزى خاندانلىقنىڭ خانى ئىبراھىم تامغاچ خاننىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىملارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىماي، بەلكى قورقۇنچاقلار تەرەپتە تۇرۇۋالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاراقىتانلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىمۇ ئاتلارنى بولاپ كەتكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، قەشقەرگە ياردەمگە ئەۋەتىدىغان ئون مىڭ لەشكەر ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدى.

3

كۈن چىقتى.

ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق ياغقان قاردىن ئاپئاق لىباس كىيگەن تەڭرىتاغلىرى يېڭى چىققان قۇياش نۇرىداگويا ئالماستەك يالتىراپ، قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرىنى

قاماشتۇراتتى . ئۇنىڭ قاپتال ۋە جىرالىرىدىكى قارىغايلار ، سۆكسۆك ، يۇلغۇن ، چاكاندىلار سەھەردە چىققان سوغۇق شامالدا گويا قار لەيلىسىدەك يەڭگىل يەلپۈنۈپ ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر خىل زوق بېغىشلايتتى . ئۈستىگە ئاپئاق قاردىن يېكەنداز سېلىنغان چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى بولسا گويا تەڭرىتاغنىڭ بىرلىيانت كۆزىدەك چاقناپ ، قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇدى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى . . .

ئەنە شۇ قار بىلەن چۈمكەلگەن تاغ باغرىنى بويلاپ قەشقەر شەھىرىگە قاراپ يەتتە مىڭ ئاتلىق لەشكەر كېتىپ باراتتى . ئۇلار باشلىرىغا دوبۇلغا ، ئۈستىگە ساۋۇت ، پۇتىغا ئەگمەك ئۆتۈك كىيىشۋالغان بولۇپ ، دولىلىرىغا قالقان ، قۇمدۇ (ئوقيا ـ ساداق ) ، قىلىچ ـ شەمشەر ئېسىۋالغان ، گاھىلىرى قوللىرىدا ھەر خىل شەكىلدىكى نەيزىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا توققۇز ئاتلىق لەشكەر توققۇز قىزىل بايراق كۆتۈرۈپ ماڭغانىدى . ھەر بىر بايراقنىڭ باش قىسمىدا «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن روسۇلىللا① دېگەن ئىمان كەلىمىسى ، بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا توققۇز پۇتاقلىق دۆلەت بەلگىسى (توققۇز تۇغلۇق قاغان دېگەنلىكتۇر ) ، بايراقنىڭ ئاستى تەرىپىدە يېرىم ئاي شەكلى بار ئىدى . بۇ كېتىۋاتقانلار ياسىنخاننىڭ قەشقەرگە ياردەمگە ماڭدۇرغان لەشكەرلىرى ئىدى .

ياسىن ئىلىكخان كۆپ ئويلاندى ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن قايتا ـ قايتا كېڭەشتى . ئاخىر ئون مىڭ لەشكەردىن ئۈچ مىڭنى قىسقارتىپ ، قەشقەرگە يەتتە مىڭ لەشكەر ماڭدۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى خەتكە تەپسىلىي پۈكۈپ ، ئۇنى سۇباشىدىن

---

① بىر ئاللادىن باشقا ئاللا يوقتۇر (ئاللا بىردۇر ) ، مۇھەممەد ① ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر ، دېگەن سۆز .

ئىبراھىمخانغا ئەۋەتتى . بىراق ، شۇ تاپتا كېتىۋاتقان لەشكەرلەر جەڭگە ئەمەس ، بەلكى نەچچە يىللاردىن بىرى قوۋۇقتا[1] تۇرۇپ ، زېرىككەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ماڭغاندەك ھەر خىل قىزىقارلىق ناخشىلارنى توۋلاپ كېتىپ باراتتى . ئۇلاردا نە قورقۇش ، نە ئەنسىرەش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى . ئۇلار ھازىر شۇنچىلىك روھلۇق ۋە جەسۇر ئىدىكى ، كۆڭلىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ ، بارغانچە كۆچىيىۋاتقان سوغۇق شامالغا ۋە شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قار ئۇچقۇندىلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇشىغا قىلچە پەرۋا قىلماي ، ئاستىدىكى جەدە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىپ باراتتى .

لەشكەرلەر بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ، بىر لەشكەر يىگىت تىزگىن سىيرىپ تۇرغان ئېتىنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى بىر تارتىپ قويۇپ ناخشا باشلىدى :

مەن قەشقەرگە بارماقچى ،
داۋانلاردىن ئاشماقچى .
يانچۇقۇمدا بەش ئاقچا ،
ئاچىڭىزنى ئالماقچى .

بۇ يىگىتنىڭ ئېيتقان ناخشىسى لەشكەرلەرگە تېخىمۇ جانلىق كەيپىيات بېغىشلاپ ، ئۇلارنى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى . لەشكەرلەرنىڭ قاتتىق كۈلكىسىدىن جەدە ئاتلارقۇلاقلىرىنى دىگايتىپ ، قەدەملىرىنى تېخىمۇ تېزلەتتى . ناخشىچى يىگىت باشقا لەشكەرلەرنى تېخىمۇ كۈلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ياكى شۇنداق بىرەر دەردى بارمۇ ، قانداق ، يېڭى-يېڭى قوشاقلارنى تېخىمۇ جاراڭلىق توۋلاشقا باشلىدى :

---

[1] قوۋۇق ـ قەلئەگە كىرىدىغان دەرۋازا ، توسۇق .

قەشقەرنىڭ بازارىدا،
شايا رىشتە ئون تەڭگە.
خىيال ئەيلىمە چوكانلار،
ئوغۇل بالا مىڭ تەڭگە.

ئۇنىڭ بۇ ناخشىسىدىن لەشكەرلەر تېخىمۇ كۈلۈشۈپ، تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. كۈلكە، چاقچاقلار ساداسىدىن يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتلار ئۈركۈپ، تىزگىن سىيرىمەكتە ئىدى. ئەڭ ئالدىدا بايراق كۆتۈرۈپ ماڭغان لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى كۈلكە ساداسى بىلەن بايراقلارنىڭ شامالدىكى پارس - پۇرۇس قىلغان ئاۋازلىرىدىن ئۈركۈپ، تېخىمۇ تىزگىن سىيرىپ، لەشكەرلەرنىڭ تارتقىنىغىمۇ ئۇنىماي ئۇچقاندەك ئالغا چېپىپ كەتتى. ئارقىدىكى ئاتلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. بەس - بەستە چاپقان ئاتلار تاغ باغرىدىكى ئاپئاق پاياندازغا ئوخشايدىغان قارلىق تۇياق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، ئالاھازەل بەش چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن تاغ باغرىدىكى قارىغاي، توغراق ۋە يۇلغۇنلار ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

* * *

ياسىنخان لەشكەرلىرى بۇك - باراقسان ئورمانزارلىق ئارىسىدا ئىككى كۈن يول يۈردى. بىراق، ئۇلار دولان دېڭىزگە ئون بەش چاقىرىم قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بۆكتۈرمە قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بۇ قاراقىستانلارنىڭ ئوردۇ كەنتكە (قەشقەرگە) ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن يولدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىسىملىرى ئىدى. ياسىنخان لەشكەرلىرى دەسلەپتە تەييارلىقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ، بىر پەس تۇرۇپ قىلىشتى. بىراق، ئارقىدىنلا ئۇلار

دەرھال ئېسىنى يىغىپ، ياغىلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى.

مانا بۇگۈن ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە جەڭ قاتتىق قىزىپ كەتتى. ياغىلار دەسلەپ بىر ئاز غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىغا بارغاندا، ياسىنخان لەشكەرلىرى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ياغىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە باشلىدى. توغراق، يۇلغۇن، ئازغان ۋە كۆرۈك بىلەن قاپلانغان بۇ بىپايان ئورمانلىق ئىچىدە كۈرەش شىددەت بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى. پۈتۈن ئورمانلىق ئىچىنى نەيزە، قالقانلارنىڭ، قىلىچ، قومدۇ (ئوقيا) لارنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭ، جاراڭ - جۇرۇڭ ۋە ۋىژ - ۋىژ قىلغان ئاۋازلىرى قاپلىغانىدى.

كۈرەش شىددەتلىك ھالدا داۋام قىلىۋاتقاندا، ئۈشتۈمتۈت دۈشمەنلەرنىڭ چېرىكلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بۇ ھال ياسىنخان لەشكەرلىرىنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇپ، جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇڭا، ئۇلار بىر تەرەپتىن چېرىكلەر بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاچقان چېرىكلەرنى ھەر تەرەپكە قوغلاشقا باشلىدى. ئۇلار ياغىلارنى شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن قوغلىماقتا ئىدىكى، گاھى ئاتنىڭ قارنىغا چۈشسە، گاھى ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، ياغىلارغا قىلىچ، نەيزە ئۇراتتى، لېكىن ياغىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلار قانچە قىلىپ ئۆلتۈرگەن بىلەنمۇ قىرىپ تۈگەتكىلى بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار خۇددى يەرمەدىكىدەك بىرى ئۆلسە، ئونى كۆتۈرۈلۈپ چىقماقتا ئىدى.

جەڭ ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا ئاتلار ھېرىپ قالدى. ئەمدى قۇچاقلاشما جەڭ باشلاندى. دۈشمەن چېرىكلىرى يەنە قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قېچىشى بىلەن تەڭ لەشكەرلەرگە ئاتلىنىش يارلىقى چۈشۈرۈلۈپ، سۇناي، ناغرىلار چېلىندى. لەشكەرلەر ياغىلارنى قوغلىدى. قاچقان چېرىكلەرنىڭ بەزىسى قار توشۇپ كەتكەن ئازگاللارغا، يەنە بەزىلىرى قار ئارىسىدىكى

كۆتەكلەرگە پۈتلىشىپ ، ئالدىلىرىغا دۈم چۈشمەكتە ئىدى . مۈنداقلارنى لەشكەرلەر بىلىدىن چاناپ ئۆزۈۋېتەتتى . ئۈنداقلار خۇددى قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن كەسلەنچۈكتەك سەكرەپ - بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر چۈشۈپ يۈرەتتى .

ئەنە قاراڭ ، بىر باتۇر لەشكەر چېرىكنى قوغلىماقتا ، چېرىك ئۆزۈن قارا چاپىنىغا گاھى پۈتلىشىپ ، گاھى چاپىنىنى سۆرەپ ، قولىدىكى ئۆزۈن ساپلىق نەيزىسىنى ئارقىسىدىن قىلىچ كۆتۈرۈپ قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرگە كەينىچە چۆرۈپ قاچماقتا ، ناغرا بىلەن سۈناينىڭ ئاۋازى بارغانچە كۈچىيىپ ياڭرىماقتا ، لەشكەرلەر سۈناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ روھلانماقتا ، ياغىلار قورقۇپ پىتىراپ ھەر تەرەپكە قاچماقتا ئىدى . لەشكەرلەرنىڭ زورۇقۇپ چۆرىگەن قىلىچ ، نەيزىلىرى گاھىدا ياغىلارنى جانلىرىنى جەھەننەمگە يوللىسا ، گاھىدا ئوڭ ، سولدىكى دەرەخ شاخلىرىنى كەسمەكتە ئىدى . بەزىلەرنىڭ قىلىچ ، نەيزىلىرى توغراقلارغا قادىلىپ قالسا ئۈنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ، قورالسىز ھالدا ياغىلارنى قوغلىماقتا ، يەنە بەزى لەشكەرلەر ياغىلارغا يېتىشىۋالغان ھامان ئۆلگەن چېرىكلەرنىڭ قوراللىرىنى يەردىن شارتتىدە ئېلىپ ، ئۈلارنىڭ خالىغان يېرىگە سانجىپ ، چاپماقتا ئىدى .

ئەنە قاراڭ ، ئاجايىپ قىزىق بىر ئىش يۈز بەردى : لەشكەرلەردىن بىرسى ياغىلاردىن بىرسىنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى . ياغىنىڭ كېلەڭسىز ،ئۆزۈن قارا چاپىنى يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە چىقىپ قالغان توغراق كۆتىكىگە ئىلىنىپ قالدى . ئۇ ھەر قانچە تارتسىمۇ چاپىنىنىڭ ئارقا پېشىنى چىقىرالمىدى ، بەلكى ئۈنىڭ چاپىنى ئارقا تەرەپتىن يىرتىلىپ ، توغراق كۆتىكىگە كىيىلىپ قالدى . ئۇ ئوڭ ، سولغا ، ئۈدۈلغا ھەريكەت قىلىپ باقتى ، بىراق چاپىنىنى توغراق كۆتىكىدىن چىقىرالمىدى . شۇ تاپتا ، ئۇ خۇددى پاتقاققا پاتقان ياغاچ ھارۋىنى

سۆرىيەلىگەن قوتۇر ئېشەكتەك چىچاڭشىپ، بىر ئىزىدىن سىلجىيالماي قالغانىدى. بىراق، ئۇ كېچىككەندى. ئۇ قولىدىكى قورالىنى تاشلاپ، ئەمدىلا قوللىرىنى نەس باسقان چاپىنىنىڭ بۇغۇچىغا ئېلىپ بېرىپ تۇرۇشىغا ئۇنى قوغلاپ كەلگەن لەشكەر قولىدىكى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ زورۇقۇپ چاپتى. لەشكەرنىڭ قاتتىق ئۇرغان قىلىچى ياغىنىڭ بېشىنى بويۇن ۋە ئومۇرۇتقىسىنى بويلاپ، خۇددى جۇۋاز قايچىسىنى يارغاندەك ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، ياغى ۋايجان دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ، قىزىل قانلارغا مىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككىگە يېرىلغان گەۋدىسىدىن قارمۇ قارشى تەرەپكە ئېتىلغان قانلار گويا ماگىنىت ئىندۇكسىيىسىدەك بىر ـ بىرى بىلەن كېسىشىپ، خۇددى ئوڭ تەرەپ بىلەن سول تەرەپنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندەك ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆچەي ـ باغرى ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچ ـ قارنىدىكى مەينەتچىلىكلەر پاك يەرنى بۇلغىغانىدى. مەينەتچىلىك ئىچىدە ئۈچ نەرسە گويا سۈيى سېغىپ كەتكەن سېسىق كارىزدىكى بېلىقتەك تولغىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يۈرىكى، ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسى بولسا، ئۇنىڭ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئۆپكىسىنىڭ ئىككى قانىتى ئىدى...

## 4

ھىجرىيە 532 ـ يىلى①، باھار پەسلى.

قاراقىتانلار قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر شەھىرىنى ئاللا بۇرۇنلا بېسىۋالغان، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا قاراشلىق

① مىلادى 1138 ـ يىلى.

بىر قانچە شەھەرلەرمۇ قولدىن كەتكەندى . قاراخانىيلار دۆلىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ تاش قەلئەلا قېلىپ قالدى . ياسىنخاننىڭ قەشقەرگە يولغا سالغان لەشكەرلىرى تەڭ يولدا ياغىلارغا يولۇقۇپ ، ئۇلار بىلەن بىر قانچە كۈن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ياغىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلار ئاخىر مەغلۇپ بولدى . بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان ياسىنخان پۈتۈن يۇرتقا مۇراجىئەت قىلىپ ، پۇقرالارنى ۋەتەننى ياغىلاردىن قوغداش جېڭىگە چاقىردى .

مانا بۈگۈن ئىككى ئاي بولدى . ياسىنخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ياغىلار بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلدى . ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى . قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ياسىنخان بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم جەڭگە چىقتى . ئۇ بېشىغا خانلىق تاجى بېكىتىلگەن دۇبۇلغا ، ئۈچىسىغا تەڭگىلىك تۆمۈر ساۋۇت ، پۇتىغا چىگىرىندىن تىكىلگەن لەشكەرچە ئۆتۈك كىيگەن ، سول يېنىغا قىلىچ ، دولىسىغا قالقان ۋە قومدۇ ئارتقان ھالدا بوز ئارغىماققا مىنىپ ، سەپنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى . ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا يابغۇ بىلەن توكسىن ، سول يېنىدا لەشكىرى ئىشلار ئولچىسى بىلەن سۇباشى ، ئارقىسىدا يۇرتۇغ① ، ئۇلاردىن كېيىن توققۇزدىن تىزىلغان ئاتلىق ۋە پىيادىلەر بولۇپ جەمئىي يىگىرمە مىڭ لەشكەر خانغا ئەگىشىپ ، قەلئەنىڭ تۆۋىنىدىكى جاڭگاللىقتا يوشۇرۇنۇۋالغان ياغىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ماڭغانىدى .

ياسىنخاننىڭ بوز ئارغىمىقى ئالاھىدە يوپۇقلانغانىدى : ئاتنىڭ كۆكسىگە ياقۇت ۋە لەئەل قادالغان كۈمۈش قالقانچە بېكىتىلگەن بولۇپ ، ئۇ باھار قۇياشىدا چاقناپ ، قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى . ئاتنىڭ ئۈستىگە زەرباب

---

① يۇرتۇغ – ئۇرۇشتا خاننى قوغداپ ماڭىدىغان مۇھاپىزەتچى .

يېپىنچا يېپىلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزىي خاندانلىق يادىكار قىلغان ئالتۇن ئېگەر توقۇلغانىدى . ئالتۇن زەرلىك زەربابقا كىچىك كۈمۈش قوڭغۇراقلار ئېسىلغان بولۇپ ، ئۇ ئاتنىڭ يورغىسىغا ئەگىشىپ رىتىملىق جىرىڭلاپ ، كىشىگە بىر خىل يېقىملىق ھۇزۇر بېغىشلايتتى .

شۇ تاپتا ، خان نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ كېتىپ باراتتى . لەشكەرلەرمۇ ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك جىمجىت كېتىپ باراتتى . پۈتۈن لەشكەرلەر سىپىدە كۈلكە ، چاقچاق ، ھەتتا پىچىرلاشقان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى . شۇ تاپتا ، دالىدىكى جىمجىتلىقنى پەقەت ئاتلارنىڭ ، پىيادە لەشكەرلەرنىڭ قەدەم تېۋىشى ۋە خان ئېتىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى . . .

كۈن چۈش بولغانىدى . ئاسمان گىرۋەكلىرىنى قاپقارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ ، ئۇ گويا ئەجدىھادەك تۈرۈلۈپ قۇياشقا قاراپ خىرىس قىلماقتا ئىدى . . .

ياسىنخان خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىن بالىلىق چاغلىرىنى ، كۆيۈمچان ئاتا- ئانىسىنى ، تېخى يېقىندىلا كۆز يۇمغان ئايالىنى ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تەڭتۇش دوستلىرىنى ، تەخت ۋارىسى بولغان ئوغلى قادىرنى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئويلاپ كېتىپ باراتتى . ئۇ ئويلىغانسېرى خىيالى چوڭقۇرلاپ ، ئەقىل قۇشلىرى يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى .

قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزىگە تەۋە بولغان بۇ رايونلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش بىلەن يەرلىكلەر باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى . ياسىنخان ئەنە شۇ يەرلىك باشقۇرۇش خانلىقى بولغان تاش قەلئەنىڭ خانى ئىدى . ياسىنخانغا بۇ ئىلىكخانلىق يېگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەندە نېسىپ بولدى . ئۇ

خانلىقتا ئولتۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا، قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ۋە بۇخارادا بىلىگ تەھسىل قىلدى. ئۇ بىلىگ ئىگىلەش جەريانىدا بىر تەرەپتىن دىنى بىلىگ ئىگىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن رىسالە بىلىگى، لەشكىرى بىلىگ ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇش بىلىگى قاتارلىق بىلىگلەرنى ئىگىلىدى. شۇنداقلا ئەينى دەۋرنىڭ شېرىن مېۋىلىرىدىن بولغان «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇپ ئۆگىنىپ، بىلىگ تەھسىل قىلدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە ئادىللىقنى ھەمراھ قىلدى ھەم «قۇرئان كېرىم»، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئاساس، «قۇتادغۇ بىلگ» نى قوشۇمچە قىلىپ خانلىقنى باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچىسى قىلدى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن پۇقرالار ئارىسىدا «ياسىن ئادىل» دەپ نام ئالدى.

ئۇ ھاياتىدا ئىككى قىزغا ئۆيلەندى. ئالدىنقىسى تۇغماس بولۇپ، كېيىنكىسى توي قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغدى. ياسىنخان بۇ ئوغلىغا قادىر دەپ ئىسىم قويدى، بىراق ئانىسى بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن تۇغۇتتا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتتى. قادىرنىڭ تۇغۇلۇشى خاننى ناھايىتى خۇشال قىلغان بولسىمۇ، ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلدى. لېكىن، ئۆلۈمگە ئامال يوق ئىكەن. ئۇ ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ۋارىسىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، سارىخان ئىسىملىك بىر ئايالنى قادىرغا ئىنىكئانا قىلىپ، ئوردىغا ئېلىپ كىردى. ياسىنخان ئەينى چاغلاردا قەلبىگە نۇرغۇن ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى پۈككەن ۋە خۇدانىڭ ئۆزىگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىنمۇ خاتىرجەم بولغانىدى، بىراق ئەمدىچۇ؟! ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن گويا توزغاقتەك توزۇپ

كەتتى . خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلتىۋال» دېگەندەك خان ۋە ئۇنىڭ تەۋەررۇك ئوغلى ئۇستى - ئۇستىگە بەختسىزلىككە ئۇچرىدى . ئەمدىلىكتە بولسا ، خان ئۆز ۋەتىنىنى ، سۆيۈملۈك خەلقىنى ۋە تەۋەررۇك ئوغلىنى قانداق قىلغاندا بۇ كۈنەك ھەرىسىدەك ئوراپ كېلىۋاتقان قاراقىتانلاردىن قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتىپ باراتتى . . .

ياسىنخان ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۇرۇپ ، قارا كۆل جاڭگىلىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى . ئۇ قارا كۆل توغراقلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى . چىغانلىق ئارىسىدىن چىققاندا بىر يا ئوقى ئۇنىڭ ئوڭ كۆكسىگە قادىلىپ ، ئۇ ئات ئۇستىدىن توپىلىق يولغا يىقىلىپ چۈشتى ، گويىيدە قىلغان ئاۋازدىن بوز ئارغىماق ئۈركۈپ كەتتى . خان ئات ئۇستىدىن يىقىلىپ چۈشۈشى بىلەن تەڭ ، لەشكەرلەرمۇ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى ، بىر نەچچە لەشكەر چىغانلىق تەرەپكە ئات سالدى ، يەنە بىر قانچىسى ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ خاننى يۆلىدى . قاراقىتانلار چىغانلىق ئارىسىدىن گويا كۈنكى بوزۇلغان ئۈششۈك ھەرىسىدەك غۇژژىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ، لەشكەرلەرگە ھەر تەرەپتىن ئېتىلدى . لەشكەرلەرمۇ ياغىلار بىلەن ئېلىشىشقا ئاتلاندى . قىلىچ ، قالقان ، نەيزە ، ئوقىيالارنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭ ، جاراڭ - جۇرۇڭ ۋە ۋىژ - ۋىژ قىلغان ئاۋازلىرى ئورمانلىق ئىچىنى قاپلاپ كەتتى . ئاللا كىملەردۇر ئىڭرايتتى ، ئاللا كىملەردۇر ئەنسىز ۋارقىرايتتى ، ئاللا كىملەردۇر بېشى ئۈزۈلۈپ ، توغراقلارغا قىسىلىپ قالغان گەۋدىسىدىن قىپقىزىل قانلار گويا فونتاندەك ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى . ئەنسىز ۋارقىراشلار بىلەن ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى . . .

## 5

— ئى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ! بۇ قاراقتان ياغىلىرى بىلەن باتۇرلۇق ۋە شىجائەت بىلەن غازات قىلىڭلار ! بىزلەرگە رەببىمىز ئاللا مەدەتكاردۇر ! جەڭدە ھەرگىز ئارقىغا يانماڭلار ! ئۇنداق قىلساڭلار ، پۈتۈن يۇرت خەلقىنىڭ ، ئاتا ـ ئانىڭلارنىڭ ۋە شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك ئىگىمىز ئاللاتائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايسىلەر ! . ئى باتۇر لەشكەرلىرىم ! بۇ يەجۇز ـ مەجۇزلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار ! ئۇلارنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە ھەرگىز چىقارماڭلار ! سېپىلگە تىرىگەن شوتىلىرىنى ئارقىسىغا ئىتتىرىۋېتىڭلار ! كۆيدۈرگۈچى دورىلار قاچىلانغان ھېجىر تۇڭلارنى ئوت يېقىپ تۆۋەنگە تاشلاڭلار ! ئېرىتىلگەن قارامايلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈڭلار ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى كۆيۈپ ، كۈلى كۆككە سورۇلسۇن ! ئۇلار بىزنىڭ بۇ پاك يۇرتىمىزغا ناكەس ئاياغلىرى بىلەن قەدەم بېسىپ بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىسۇن ! ئى قېرىنداش لەشكەرلىرىم ! ياغىلارغا قارشى چىداملىق بولۇڭلار ! غەيرەت قىلىڭلار . . .

تاش قەلئە سېپىلى ئۈستىدە دۈشمەن بىلەن جان جەھلى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان لەشكەرلەرگە توۋلاپ ئىلھام بېرىۋاتقان بۇ كىشى تاش قەلئە ئىلىك خانلىقىنىڭ سۇباشىسى ئىدى . ئۇ سېپىل ئۈستىدە ئەنە شۇنداق ۋارقىرىغىنىچە ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ سوقۇشىۋاتقان لەشكەرلەرگە روھى ئوزۇق بەرمەكتە ، لەشكەرلەرمۇ ئۇنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ، سېپىلغا چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ياغىلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەكتە ئىدى . ئۇلار

دۈشمەنلەرنىڭ تاملارغا تىرىگەن شوتىلىرىنى دەرھال تۆۋەنگە ئىتتىرەتتى ، ئەمما ياغىلارمۇ بوش كەلمەي ، ھەدەپ شوتا قويۇپ يۇقىرىغا چىقىشقا ئۇرۇناتتى . لەشكەرلەر سېپىل ئۇستىگە چىققان چېرىكلەرنىڭ باشلىرىنى قىلىچ بىلەن شارتتىدە ئۈزۈپ تاشلايتتى ، بېشىدىن ئايرىلغان قارا چاپانلىق گەۋدىلەر بولسا سېپىل ئۇستىدىن پەسكە پۇلاڭشىدە چۈشۈپ ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئۇستىگە بېسىپ چۈشەتتى ، گۈپپىدە چۈشكەن بۇ گەۋدە ئاستىدا قالغانلار بولسا ، بىر ئىككى ئېغىز ئەنسىز ۋارقىرىغاندىن كېيىن ، ئاستا بىر كۆتۈرۈلۈپ ، يەنە جىمىپ قالاتتى . سېپىل ئۇستىدىكى بەزى لەشكەرلەر بولسا ، سېپىلگە يامىشىپ چىقىۋاتقان ياغىلارنىڭ باش - كۆزلىرىگە قاتتىق ئۇرۇپ ، ئۇلارنى شوتا ئۇستىدىن تىك موللاق چۈشۈرۈۋېتەتتى ، گاھى باشلارنى قىلىچ بىلەن كېسىۋىلىپ ، بىر - ئىككى ئايلاندۇرۇپ پەستىكى ياغىلار ئۇستىگە ئاتاتتى . كۈچەپ ئېتىلغان باشنىڭ زەربىسىدىن قايسىدۇر بىر ياغى ئىڭرىمايلا جان بېرەتتى . يەنە كىملەرنىڭدۇر قىلىچ بىلەن بېلىدىن ئۈزۈلگەن گەۋدىسى يەرگە چۈشۈپ ھەر تەرەپكە دومىلاپ ، ئاخىر يەنە جىمىپ قالاتتى . مۇنداقلارنىڭ ئۈچەي - قارنى قايسىدۇر بىر ياغىنىڭ گەدەنلىرىگە كېيىلىپ ، ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى قان ۋە نىجاسەت بىلەن بۇلغىماقتا ئىدى . ئەڭ يامان بولغىنى شۇ بولدىكى ، ياغىلارنىڭ نىجىس قانلىرى نەچچە ئەسىردىن بۇيان پاك تۇرغان سېپىل تاملىرىنى بۇلغاپ ، تۆۋەنگە يول - يول ساقىپ ، قارامتۇل لاي تامنى گويا بەقەسەمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى . لەشكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى قىپقىزىل قانلار بىلەن بويالغان قىلىچلار غەربىي ئۇپۇققا باش قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ ، قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى . سۇ باشى يەنىلا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ چاپماقتا ئىدى . ئۇ شۇ تاپتا شۇنچىلىق غەزەپكە كەلگەنىدىكى ، ئۇ گاھى ۋارقىرىسا ، گاھى سېپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ياغىنى قىلىچ بىلەن كۈچەپ

چاپاتتى .

ئوردا سوباشىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەمەتخان بولوپ ، ئو ياسىن ئىلىكخان بىلەن بىر يورتلوق ھەم قەشقەر خانلىق مەدرىسىگىچە بىللە ئوقوغان ئوقولداش① تالىپلاردىن ئىدى . ئەمەتخاننىڭ ئاتىسى ئوقومۇشلوق ، ھال ئوقىتى ئوتتوراھال ئادەم ئىدى . شوڭا ، ئونى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگىچىلا ئوقوتالىدى . ئو يىگىرمە ياشقا كىرگەن چاغدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر ئاز قىيىنلىپ قېلىپ ، ئوقوشنى داۋاملاشتورالماي يورتىغا قايتىپ كەلدى . ئەمەتخان كىچىكىدىنلا ناھايىتى زېرەك ، بىرەر ئىشقا قىزىقسا ئاسانلا ئۆگىنىۋالىدىغان بالا ئىدى . ئو قەشقەردە ئوقوۋاتقان مەزگىلىدە بىر تەرەپتىن دىنى بىلىم ئىگىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ قىلىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىق مەشىقلىرىگە قىزىقىپ ، بوش ۋاقىت تاپسىلا ئوردا لەشكەرلىرىدىن لەشكىرى بىلىملەرنى ئۆگەندى . ئونىڭ بو بىلىمنى ئۆگىنىشىگە تۆۋەندىكى بىر ئىش سەۋەپ بولغانىدى :

ئو قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە دىنىي بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان مەزگىلدە ، بىر كونى شەھەر كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ، ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ مەشىق قىلىۋاتقان مەيدانىغا بېرىپ قالىدو . مەيدان سىرتىدا تۇروپ لەشكەرلەرنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشىگە بىر پەس قاراپ تۇروپ ، ئولارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قىزىقىپ قالىدو - دە ، ئىختىيارسىز لەشكەرلەر نېمە ئىش قىلسا ، شونى دوراپ قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدو . ئو مەشىق مەيدانىغا بېرىپ ، مەشىق قىلىشنى بوش ۋاقىت تاپسىلا ئودا بىر قانچە كون داۋاملاشتورىدو . بىر كونى مەركىزىي ئوردىنىڭ سوباشىسى ئونىڭ ھەرىكەتلىرىگە قىزىقىپ ، ئونى ئالدىغا چاقىرتىدو ، ئو سوباشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن سالام

① ئوقولداش - ساۋاقداش .

بېرىدۇ . سۇباشى ئۇنىڭ ئەدەپلىكلىكىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ . ئەمەتخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۇباشىغا بىرنى قويماي سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ لەشكىرى بىلگىنى ئۆگىنىش ئارزۇيىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . پىشقەدەم سۇباشى ئۇنىڭ ئارزۇسىدىن مەمنۇن بولۇپ ، بوش ۋاقىت تاپسىلا ، كېلىپ ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىدۇ . ئەمەتخان ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لەشكىرى بىلىگلەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالىدۇ . كېيىن ياسىنخان ئىلىكخانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ، ئەمەتخانىنىڭ لەشكىرى بىلىگلەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەنلىكىدىن خەۋىرى بولغاچقا ، ئۇنى ئىلىكخانلىقنىڭ سۇباشىلىقىغا تەيىنلەيدۇ . يېڭى خانىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا ئوردا ئىچىدە دەسلەپ بەزىلەر ئۆكتە قوپىدۇ . بىراق ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ، ئوردا ئىچىدىكىلەر ئەمەتخانىنىڭ ھەقىقىي ماھارەتكە ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ياسىنخانىنىڭ ئادەمنى توغرا تاللىغانلىقىغا قايىل بولۇپ ، خاندىن ئەپۇ سورىشىدۇ . . .

قۇياش غەربىي تاغقا باش قويدى . قارا قىستانلار ئەمدى ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ، سىپىلغا چىقىشتىن يالتايغان بولسىمۇ ، ئارقىسىغا چېكىنىپ ، لەشكەرلەرگە كۆيدۈرگۈچى ساداقلارنى ئېتىشقا باشلىدى . لېكىن ، لەشكەرلەرمۇ بوش كەلمىدى . ئۇلار بۇ كۆيدۈرگۈچى ساداقلارنى قوللىرىدىكى نەيزە ، قىلىچلار بىلەن ئۇرۇپ ، ياغىلار تەرەپكە قايتۇرۇۋەتتى ، ھەتتا بەزى لەشكەلەر كۆيدۈرگۈچى ساداقلارنى قوللىرىدا تۇتۇپ ، ياغىلارغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ بۇ خىل ماھارەتلىرىنى كۆرگەن دۈشمەن چېرىكلىرى قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى . . .



— قاغان ئالىيلىرى ! — دېدى خان سارايغا ئىلدام كىرگەن

يۈگۈرگەن ئىلىكخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — ساتقىنىنىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن قەلئەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلىپ، شەھەرگە ياغىلار بېسىپ كىردى. ئۇلار چوڭ - كىچىك دېمەي ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— خائىن كىم ئىكەن؟! — دېدى قات - قات كۆرپە ئۈستىدە مامۇق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ياتقان ياسىن ئىلىكخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئەتراپىدا ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان يابغۇ بىلەن توكسىن دەرھال خانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— قاغان ئالىپلىرى، ئۇنى بىلەلمىدۇق، — دېدى يۈگۈرگەن خان ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— ئارقۇنى چاقىر!

— ئۇنى ئىزلەپ قەلئە ئىچىدىن تاپالمىدۇق، ئۇلۇغ قاغانىم!

خان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىدىن ئەمىر كۈتۈپ تۇرغان يۈگۈرگەنگە قاراپ:

— ئىنىكئىنىنى چاقىر، ئۇ ئوغلۇمنى ھوزۇرۇمغا ئېلىپ كىرسۇن! — دېدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ئەتراپىتا قاراپ تۇرغانلارغا قاراپ ئېيتتى، — ئاغچى بىلەن يۇغرۇشتىن باشقىلار قاغان سارىيىدىن چىقىپ كېتىڭلار! بۇلار بىلەن دېيىشىدىغان ئازراق گېپىم بار.

ئىسمى ئاتالغان ئىككى كىشىدىن باشقىلار باياتىنىدىن بىرى خاننىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتكەندەك خان سارىيىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي ئىنىكئانا خان سارىيىغا قادىرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. قادىر دۇردۇن يۆگەكتە زاكىداغلىق ئىدى. خان ئوغلىنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا

باستى ، ئارقىدىن ئۇنى سۆيمەكچى بولۇپ ، ئېغىزىنى ئوغلىنىڭ ئېغىزىغا يېقىن ئېلىپ باردى ، لېكىن ئېغىزىنى دەرھال ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن نېرى ئېلىپ قاچتى . چۈنكى ، يۇلىچ[①] ئۇنىڭغا ياغىلارنىڭ ئۆتكۈر زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان يائوقى تەككەنلىكىنى ، زەھەر پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ ، داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا يەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى . شۇڭا ، ئۇ ھازىر يۇلىچنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ ، ئەگەر ئوغلۇمنىڭ ئېغىزىغا سۆيسەم ئۇمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتمىسۇن ، دەپ ئۇنى سۆيۈشتىن يالتايغانىدى . ئاخىر خان ئوغلىنىڭ دۇردۇن يۈگەكلىرىگە سۆيۈپ كەتتى . بىراق ، دەل شۇ چاغدا خان سارىيىغا يۈگۈرگەن يەنە كىرىپ كەلدى :

— قاغان ئالىيلىرى ! — دېدى ئۇ سالام ـ سائەتتىن كېيىن خانغا ، — سۇباشى لەشكەر ئەۋەتىپتۇ ، ياغىلار ئوردىغا بېسىپ كىرىۋاتىدۇ ، لەشكەرلەر بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ ، ئەمدى بىز قانداق قىلىدىكەنمىز ؟ بۇنىڭغا قاغان ئالىيلىرى بىر نەرسە دېسۇن ، دەپتۇ ، قاغان ئالىيلىرى !

— ياغىلارغا تىز پۈكۈش نومۇس ! — دېدى خان ئوغلىنىڭ يۈگەكلىرىنى سۆيۈشتىن توختاپ يۈگۈرگەنگە قاراپ ، — تارىخنى بۇلغاش كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تېخىمۇ نومۇس ئىشتۇر ! شۇڭا سىلەر شېھىت بولغۇچە تىز پۈكمەي جەڭ قىلىڭلار ! ياغىغا ھەرگىز تىز پۈكمەڭلار ! دوستۇم سۇباشىغا ئېيت ! سۆيۈملۈك پۇقرالىرىمىزنى ۋە ئەزىز تۇپرىقىمىزنى بىر تامچە قېنى قالغۇچە جان تىكىپ قوغدىسۇن !

— لەببەي ، ئۇلۇغ قاغانىم !

يۈگۈرگەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خان تېخىمۇ جىددىيلەشتى . شۇڭا ، ئۇ ئالدىدا ئۆزىگە قول باغلاپ

---

① يۇلىچ ـ تېۋىپ .

تۇرغان ئاغچى بىلەن يۇغرۇشقا قاراپ :
— بالىلىرىم ! — دېدى خان يىلىنىش ئاھاڭىدا ، — مەن سىلەرنى كىچىكىڭلاردىن باشلاپ ، ئۆز بالامدەك تەربىيىلەپ ئىززىتىڭلارنى قىلدىم ، ئىككىڭلار ھازىرغىچە ھېچ نەرسىگە موھتاج بولۇپ باقمىدىڭلار ، شۇنداقمۇ ؟ !
— شۇنداق خان ئاتا ! — دېدى ئاغچى بىلەن يۇغرۇش جاراڭلىق ئاۋازدا .
— ھالا بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە مېنىڭ تەختى - بەختىم ۋەيران بولىدىغان بولدى . يات ياغىلار يۇرتىمىزنى ۋە پۇقرالىرىمىزنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ ، خارابلاشتۇرىدىغان بولدى . ھۆرمەتلىك بالىلىرىم ، ھازىر بېسىپ كىرىۋاتقان بۇ ياغىلار ئۇرۇق - جەمەتىمىزنىمۇ قويمايدىغان ئوخشايدۇ . مانا مۇشۇنداق قېيىن شارائىتتا ، مېنىڭ سىلەرنى مۇشكۈل بىر ئىشقا بۇيرۇغۇم كېلىۋاتىدۇ . بۇنىڭغا باش تارتماي ماڭارسىلەرمۇ ؟ !
— جان دەپ ماڭىمىز قاغان ئاتا !
— ئۇنداقتا ماڭا خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىڭلار !
— رەببىمىز ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ، قاغان ئاتىمىز بىزنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا ، بىز جان دەپ بەجا كەلتۇرىمىز !
— بالىلىرىم ، خەۋرىڭلار بار ، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ خەمىكى بولغان تۇنجى ئوغلۇم ھازىر بەختسىزلىككە ئۇچراش ئالدىدا تۇرىدۇ . ئۇنى ساقلاپ قېلىش ھازىرقى ئەڭ مۇشكۇل ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . مەن بۇ تەۋەررۇك ئوغلۇمنى ئەۋۋەل خۇداغا ، ئاندىن سىلەرگە تاپشۇرىمەن . ئاللا مەدەتكار ، سىلەر سەۋەبچىدۇرسىلەر . سىلەر ئوغلۇمنى ئېلىپ ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن ، ياخشى تەربىيىلەپ ، مېنىڭ نەسلىمنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن كاپالەت بىرەلەمسىلەر ؟ !
— قاغان ئاتا ! — دېدى ئاغچى بىلەن يۇغرۇش تەڭلا سۆز

ئېلىپ ،ــ ياغىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن ساق ـ سالامەت چىقالىساقلا ، ئىنشائاللا ، دېگەنلىرىدەك قىلىمىز !

ــ خۇدا خالىسا ، ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇسىلەر ، بالىلىرىم !

ئاغچى بىلەن يۇغرۇش خانغا قول بەردى . خان ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيدى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى دېدى :

ــ سىلەر ئوغلۇم چوڭ بولغاندا ، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار ، ئۇ بىرىنچىدىن ، كامالەتكە يەتكۈچە بىلىمگ ئالسۇن . ئىككىنچىدىن ، ئۇ مېنىڭ ۋە پۇقرالىرىمنىڭ تەختى ـ بەختىنى ۋايران قىلغان بۇ ياغىلار بىلەن ئاخىرقى نەپسىگىچە جەڭ قىلىپ ، ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن ، ئۇلارنى بۇ ئەزىز يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ئۆز پۇقرالىرىغا ئۆزى ئادىللىق بىلەن قاغانلىق قىلسۇن ! چۈنكى ، «دىل ئازاردىن خۇدا بېزاردۇر !» ئۇ پۇقرالار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك قىلمىسۇن ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلسۇن ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىسۇن ، دىنى ئىسلامدا ھەر ۋاقىت مۇستەھكەم تۇرسۇن ! بۇ ئوغلۇمغا مەندىن ۋەسىيەت . سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ئوغلۇم چوڭ بولغاندا ، ئۇنىڭغا بىرىنى قالدۇرماي يەتكۈزۈڭلار !ـ خان بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ـ ئاغچى ، سىز دەرھال خەزىنىگە كىرىپ ، كۆتۈرەلىشىڭىزچە ئالتۇن قاچىلاپ كىرىڭ ! يولدا لازىم بولىدۇ ، تېز بولۇڭ !

ئاغچى ئالدىراپ چىقىپ كېتىپ ، ھايال بولماي بىر پەتەر خورجۇنغا ئالتۇن قاچىلاپ كىردى . خان ئۇنىڭغا يەنە بىر نەرسىلەرنى دەي دەپ تۇرۇشىغا يۇگۇرگەن يەنە كىرىپ كەلدى :

ــ قاغان ئالىيلىرى ، ئوردىغا ئوت كەتتى ! ھازىرغىچە سىلىنى قوغداپ ئاران بەش يۈز لەشكەر قالدى . ئەمدى تېزدىن ئۆزلىرىنى بىر جايغا يوشۇرسىلا !

يۇگۇرگەن شۇنى دەپلا خان سارىيىدىن چىقىپ كەتتى . خان تېخىمۇ جىددىيلەشتى . ئاغچى ، يۇغرۇش ۋە ئىنىكئانىنىڭمۇ

كۆزلىرى چەكچىيىپ ھەر تەرەپكە قاراپ قىلىشتى .

— يۇغرۇش ! — دېدى خان ئالدىراپ ، — ئاغچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتۇن كۇرسىنى سولغا يۆتكەپ ، گىلەمنى قايرىڭ ۋە كۇرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان چاسا خىشنى قومۇرۇڭ !

يۇغرۇش ئاغچىنىڭ ياردىمى بىلەن خاننىڭ دېگىنىدەك قىلدى . كۇرسىنىڭ ئاستىدىن ئادەم پاتقۇدەك بىر تۆشۈك ئېچىلدى . تۆشۈكنى كۆرۈپ ئۇلار ھەيراق قىلىشتى .

— تېز بولۇڭلار ! — دېدى خان بۇيرۇق تەلەپپۇزدا ، — ئاۋال ئاغچى بىلەن يۇغرۇش يەر ئاستىغا چۈشۈڭلار ، سىلەردىن كېيىن ئىنىكئانا قادىرنى ئېلىپ چۈشسۇن بالىلىرىم ، بۇ تۆشۈكنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتام ئوغلۇم بېشىغا كۈن چۈشكەندە مۇشۇ تۆشۈك ئارقىلىق قاچساڭ ، ئۇ سېنى يورۇقلۇق دۇنياسىغا باشلاپ چىقىدۇ ، دەپ كۆرسىتىپ قويغانىدى . بىراق ، مەن بۇ يەر ئاستى يولىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن ، — خان بىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بالىلىرىم ، مەن ھازىر سىلەر بىلەن بىرگە ماڭالمايمەن . چۈنكى ، زەھەر پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتتى ، بۇنىڭغا شىپا تېپىلمىدى . مەن بەرىبىر بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىمەن . شۇڭا ، مەن ئەمدى بۇ دېمەتلىك بولغاندا ، ياسىنخان قېچىپ ئۆلۈپتۇ ، دېگەندىن كۆرە كىمنىڭ قېنىم تۆكۈلگەن ئانا زېمىندا پاك تۇپرىقىمنى قۇچاقلاپ ئۆلگىنىم ئەۋزەل ، تېز بولۇڭلار ، مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن ، سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم ، ئىلاھە ئامىن !

يەر ئاستىغا باشتا ئاغچى بىلەن يۇغرۇش ، ئاندىن ئىنىكئانا خان بىلەن خوشلىشىپ ، قادىرنى ئېلىپ چۈشتى . خان تۆت پۇتلاپ ئۆمىلەپ تۆشۈكنىڭ ئېغىزىغا كەلدى . يەر ئاستى يولىنىڭ ئېغىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىنىكئانىنىڭ كۆكرىكىگە كېلەتتى . ئىنىكئانىنىڭ باغرىدا ياتقان ئوغلىنىڭ يۈگىنىگە بىر قانچىنى سۆيۈپ ، يۈز - كۆزىنى سۈركىدى . ئۇنىڭ يۈرەك پارىسىدىن

ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆز ياشلىقانىدەك سارغىيىپ ، ياغاقتەك بولۇپ قالغان ، ساقال ـ بۇرۇت باسقان مەڭزىدىن سىرغىپ ئېقىپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى . . .

ئاخىر ياسىنخان ئۇلارنى مېڭىشقا زورلىدى . يەر ئاستىغا چۈشكەنلەر بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى . خان تۆشۈكنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ ، گىلەمنى ئۈستىگە بۇرۇنقىدەك يېپىپ قويدى . بىراق ، دەل شۇ چاغدا ، قاراڭغۇ يەر ئاستىدىن ئوماق بالىسىنىڭ قاتتىق يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ياسىنخان بالىسىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، قۇلىقىنى گىلەم ئاستىدىكى تۆشۈك ئۈستىگە ياقتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ شۇ هالدا بىر هازا تىڭشاپ تۇردى ، ئاخىر بالىسىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ، بېشىنى كۆتۈردى ۋە مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتۇن كۇرسىنى سۆرەپ يۇرۇپ ئۆز جايىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمما ، كۇرسىنى ئورنىغا قويۇپلا يىقىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭغا زەهەر ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتىمۇ ياكى كۇرسىنى يۆتكەش ئېغىر كەلدىمۇ ، بىلگىلى بولمايتتى . دەل شۇ چاغدا خان سارايغا يۈگۈرگەن يەنە كىرىپ كەلدى . ئۇ خاننى بۇ هالدا كۆرۈپ : «قاغان ئاتا !» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئارقىدىنلا خاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئۆرۈدى . بىراق ، خان ئاللىبۇرۇن بۇ پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقانىدى .

7

ـــ يۈگرۈش ، سىز ئاخشام مۇشۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇنلارنى دەپ كېچە بىز ئۇخلىغان چاغدا ، ئاغچىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپسىز . مەن سەهەردە ئۇنىڭ گېلىغا قارىسام ، تىرناق ئىزلىرى تۇرىدۇ .

— ئۇنداق دېمەڭ ئىنىكئانا سارىخان، ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قاپتۇ. تېز بولۇڭ، بۇ يەردىن تېخىمۇ يىراق جايغا كېتەيلى!

— يۇغرۇش، ئەمدى ئاستا ماڭساقمۇ بولىدۇ. قاراڭ، بىزنىڭ شەھەر كۆز يەتكۈسىز يىراق جايلاردا قالدى. بۇ بوك - باراقسان ئورمانلىق بىزنىڭ شەھىرىمىزگە تەۋە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارا قىتانلار بۇ جايلاغا كەلمەيدۇ. ئەمما، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز پات ئارىدا خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىز. چۈنكى، سىز قاغان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا خۇدانىڭ نامى بىلەن ئىچكەن قەسىمىڭىزگە ئەمەل قىلمىدىڭىز!

— ئۇنداق دېمەڭ ئىنىكئانا سارىخان، مەن بارلىق قەسەملىرىمگە ئەمەل قىلىۋاتىمەن.

— ياق، سىز ئەمەل قىلمىدىڭىز، بەلكى سىز قاغان ئالىيلىرىغا تۇزكورلۇق قىلىۋاتىسىز!

— بۇنىڭغا نېمە ئاساسىڭىز بار؟! — دېدى يۇغرۇش ئاغزىنى قىيسايتىپ، چەپ كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ.

— بار — دېدى سارىخان كەسكىن قىلىپ.

— قانداق ئاساسىڭىز بار؟!

— ئاغچىنى بوغۇپ ئۆلتۈردىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چاشكا ۋاقتى بىلەن مېنى خورلىدىڭىز، سىز بىلەمسىز، شۇ تاپتا، مەن بۇ دەشتى باياۋانلاردا، ئورمانلىقلاردا سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە خۇددى باغلاقتىكى كۈچۈكتەك ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم، سىز مېنى قايسى تەرەپكە باشلىسىڭىز، سىزگە خوش دەپ ماڭماسلىقىمغا چارەم يوق. چۈنكى، مەن ھازىر ئىگە - چاقىسىدىن ئايرىلغان بىر ئاجىزە. بىراق، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ كىچىككىنە قادىرنى - قاغان ئالىيلىرىنىڭ تەۋەررۇك ئوغلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا، ئادىل قاغاننىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. سىزچۇ؟! سىز پەقەت نەپسى خائىشىڭىزغا

ئەگىشىپ ، ئاشۇ پەتەر خۇرجۇندىكى ئالتۇن بىلەنلا قالدىڭىز ، شۇڭلاشقا سىز مېنىمۇ ، قادىرنىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلتۈرگىلى باياۋان قۇملۇقلارغا ۋە چەكسىز ئورمانلىقلارغا باشلاپ كېتىپ بارىسىز . لېكىن ، مەن يارانقان ئىگەم ئاللادىن پاناھ تىلەيمەن ، ئۇ سىزنى مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزمەس ئىلاھىم .

گاھى بۇك - باراقسان ئورمانلىقلارنى ، گاھى چەكسىز كەتكەن يايلاقلارنى ، گاھى قۇملۇقلارنى ، گاھى ئېگىز - پەس دۆڭ - ئېدىرلارنى ئارىلاپ كېتىۋاتقان بالا كۆتۈرگەن ئىنىكئانا بىلەن خۇرجۇن كۆتۈرگەن ئەر ئەتىگەندىن بىرى ئەنە شۇنداق تەگىشىپ ماڭماقتا ئىدى . سارىخاننىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يوللۇق ئىدى . يۇغرۇش خۇرجۇندىكى ئالتۇنلارنى يالغۇزلا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ، سارىخاننىڭ دېگىنىدەك ئۇ تۈن كېچىدە باشقىلار ئۇخلاپ كەتكەن چاغدا ئاغچىنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى . ئۇ شۇ چاغدا قادىر بىلەن سارىخاننىمۇ بىراقلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىدى . بىراق ، ئۇنىڭ ياۋۇزلاشقان قەلبىنىڭ ئاللىقانداقتۇر بىر يېرى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىشىپ ، ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە يول قويمىدى ، بەلكى ئۇ ئانا بىلەن بالىنى چۆل - جەزىرلەردە ياۋايى ھايۋانلارغا ياكى قاغا - قوزغۇنلارغا يەم قىلىۋېتىشنى ئويلىدى . شۇڭا ، ئەتىگەندىن بىرى ئىنىكئانىغا خۇرجۇندىكى ناندىن تۇگىمىدى ، دەپ بىر چىشلەممۇ بەرمىدى . سارىخان ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى ئاللىبۇرۇن سىزىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي كېتىپ باراتتى . مانا ھازىر يۇغرۇش ئۇنى ئورمانلىقتىن قۇملۇق تەرەپكە باشلاپ ماڭغانىدى ، سارىخان ئۇنىڭغا يېلىنىشقا باشلىدى .

— يۇغرۇش قاسىم ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى دېمىسىڭىزمۇ قاغانىمىزنىڭ مۇشۇ كىچىك بالىسىنىڭ جېنى ئۈچۈن بولسىمۇ ، بىزنى قۇملۇق تەرەپكە باشلاپ ماڭماڭ . ناۋادا ،

بۇ قۇملۇقتا ئۆلۈپ كەتسەك ، بۇ بالىنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز قاسىم . سىزدىن خۇدا ھەققى ئۆتۈنۈپ قالاي ، خۇرجۇندىكى بارلىق ئالتۇنلارنى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ ، لېكىن مېنى ئادەم بار جايغا باشلاپ بېرىڭ ، بىز بۇ جايدا قالساق ، بۆرە ـ قاۋانلار ياكى يىلان ـ چايانلارغا يەم بولۇپ كېتىمىز !

ــ خاتىرجەم بولۇڭ سارىخان ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭىۋېرىڭ ، مەن سىزنى بۆرە ـ قاۋانلارمۇ ، يىلان ـ چايانلارمۇ دەخلى قىلالمايدىغان بارسا ـ كەلمەس بىر جايغا باشلاپ بارىمەن . ئۇ جايدا سىز پات ئارىدا ياسىنخاننىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىسىز !

ــ قاسىم ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ ! ــ دېدى ئىنىسكىئانا سارىخان تەئەججۇپ بىلەن ،ــ ياسىنخان بۇ بالىنى سىزگە شۇ ئۇمىددە تاپشۇرغانمۇ ؟ ! سىز بۇنداق تۇزكورلۇق قىلماڭ ، قاغان سىزنى پۈتۈن ھاياتىدا گۆش ، ياغ بىلەن باقتى . ئۇ سىزنى يولدىن ئاچ قالغىنىڭىزدا تېپىۋېلىپ ، ئۆز بالىسىدەك ئەتىۋارلاپ ، ئاخىر ئابرۇيلۇق يۈگرۈش قىلدى . ئەمدى ، بۇگۈنگە كەلگەندە سىز ۋاپاغا جاپا قىلىپ ، مۇنداق رەزىللىك قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سىز قاغان ئالدىدا قەسەم بەردىڭىز ، ئەگەر شۇ تاپتا ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئاغچى بولغان بولسا ، ئۇ ھەرگىز مۇنداق قىلمىغان بولاتتى . بەلكى ئۇ...

ــ توغرا ئېيتتىڭىز !ــ دېدى يۈگرۈش قاسىم كۆڭلىدىكى رەشىك يۈزىسىدىن ساقلاپ كەلگەن ئاداۋەتنى ئاشكارىلاپ ،ــ ئاغچى دېگەن ئۆمرىدە ئالتۇن ، كۈمۈشنىڭ ئۈستىدە تۇردى ، پۈتۈن شەھەردىكى توكسىندىن تارتىپ بەگلەرگىچە ، قازى كالاندىن تارتىپ شوپى ـ ئىشانلارغىچە ، موللىلاردىن تارتىپ ھاپىزلارغىچە ھەممىسى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئاشقىنىنى سەرپ قىلدى . مەنچۇ ؟ مەن بولسام ، جەڭدە خانىنى قوغدايدىغان غالچا بولدۇم ، مېنىڭ جېنىم ھامان قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كەلدى . ھاياتىمدا ئاغچىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش

يىغالمىدىم . ئەمدى بۇگۈنچۇ ؟ ــ دېدى يۇغرۇش ھىيلىگەرلىك بىلەن ، ــ مانا ئالدىمدا بىر خۇرجۇن ساپ ئالتۇن تۇرۇپتۇ . ئەمدى مەن سىزگە ئېنىق ئېيتاي ، سىزگە ھازىر ئىككى تەلىپىم بار . بىرى ، سىز ماڭا ئايال بولىسىز . ئىككىنچىسى ، بىزگە كەلگۈسىدە كۆشەندە بولىدىغان ماۋۇ شۇمتەكنى مۇشۇ جەزىرىگە تاشلىۋېتىسىز ھەم بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمايسىز . مانا مۇشۇ شەرتكە كۆنسىڭىز ، مەن سىزنى ئادەم بار جايغا باشلاپ بارىمەن ، بولمىسا ، ئىككىلىڭلارنى مۇشۇ دەشتى باياۋانغا تاشلىۋېتىمەن .

يۇغرۇش قاسىمنىڭ بۇنچىلىك رەزىللىكىنى بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغان سارىخان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قېيىپ ، بىر ئىزىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ شۇ ھالدا بىر قانچە دەقىقە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، قادىرنى تىزىدا ياتقۇزۇپ ، ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياشلار بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ ، سۈت ئۇيقۇدا ياتقان قادىرنىڭ يۈزلىرىگە تامچىشقا باشلىدى ، بۇۋاق قاتتىق ئەندىكىپ يىغلىۋەتتى . ئىنىكئانا بىلەن قادىرنىڭ يىغىسىدىن قۇملۇق ۋە ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان قاپتاللىرى قارىغايلار بىلەن قاپلانغان تاغلار زىلزىلىگە كېلىپ ، ئەكس سادا قايتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قاغا ـ قوزغۇنلار ھەر تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ ، ئەتراپتىكى قارىغايلارغا قونۇپ ، خۇددى تەييار ئولجىغا ھۇجۇم قىلىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندەك قاقىلدىشىپ كەتتى . قاغىلارنىڭ سەت ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈگەن سارىخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتىپ بېشىنى كۆتۈردى . ئەتراپتا قاسىم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ دەسلەپ قاسىمنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى ، شۇڭا ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ :

ــ قاسىم يۇغرۇش ! ــ دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى .

قاسىمدىن سادا چىقمىدى . سارىخان بۇ جايدا قانچىلىك

ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى . ئاخىر ئۇ قاسىمنىڭ ئىزىغا چۈشتى . قۇمساڭ قارىغايلىق ئارىسىدا قاسىمنىڭ ئاياغ ئىزى قالغانىدى . ئۇ شۇ ئىزلارنى بويلاپ ،تېز - تېز قەدەم تاشلىدى ، ھەر قەدەمدە «قاسىم» دەپ ۋارقىراپ ماڭدى ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك ئىچىدە قارىدى . قارىغايلىق ئىچىگە كىرگەنسىرى ئۇنى سۇر باستى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، «كۆتۈرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بىر توپ قارا قاغىلار شاختىن شاخقا ئۇچۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلمەكتە ئىدى .

ئۇ ئالاھازەل ئۇچ چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن ، قاسىمغا يېتىشىۋالدى . قاسىم ئارقىسىدىن سارىخاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، شارتلا قىلىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى- دە ، چاپىنىنىڭ سەدەپ تۈگمىسىنى يېشىپ ، ئىچىگە ئېسىۋالغان غىلاپتىن خەنجىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى ۋە :

— ئىنىككىنا سارىخان ، مەن ساڭا نېمە دېدىم ؟ ! مېنىڭ بايامقى تەكلىپىمگە كۆنمىسەڭ ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭما ، ئەگەر كۆنسەڭ ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭ ، راستىنىلا كۆنمەيدىغان بولساڭ ، ئەمدى ھەر ئىككىلىمىزنى مۇشۇ جايدا بوغۇزلىۋېتىمەن ، — دېدى تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ .

ئۇ شۇنداق دەپلا ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى . سارىخانمۇ ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالماي ، ئۇنىڭچىقماي ئەگىشىپ ماڭېۋەردى . قاسىم سارىخاننىڭ قادىرىنى تاشلىماي ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتتى - دە ، خەنجىرىنى ئېلىپ ، سارىخاننىڭ قېشىغا يۈگۈردى ۋە كەلگىنىچە كېلىپ خەنجەرنىڭ بېسىنى سارىخاننىڭ گېلىغا تىرەپ تۇرۇپ دېدى :

— ئەي ، نەس باسقان خوتۇن ، سەن زادى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلامسەن ، ئاڭلىمامسەن ؟ ئەگەر يەنىلا ئاڭلىمايدىغان بولساڭ ، ھەر ئىككىلىمىزنى مۇشۇ جايدا بوغۇزلىۋېتىمەن .

ساربخان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى . ئۇ هايات ـ ماماتلىق ئاچلىقتا تەمتىرەپ قالغانىدى ، قاسىم ئۇنى تېزدىن بىر نەرسە دېيىشكە زورلىماقتا ئىدى . شۇ تاپتا ، ساربخانىنىڭ كۆز ئالدىدا دەھشەتلىك بىر كۆرۈنۈش گەۋدىلەنگەندەك بولدى : قاسىم ئاۋۋال ئۇنى گويا قاسساپ قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايدۇ ، ئۇ خارتىلدايدۇ ، كۆزلىرى چەكچىيىدۇ ، ئىڭەكلىرى ئېچىلىپ ، سەدەپدەك چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ ، پۇتلىرى تېپىرلاپ ،بەدەنلىرى سەكرەيدۇ . قادىرچۇ ؟ ! قاسىم ئۇنى قانداق قىلار ؟ ئېھتىمال ئۇ قادىرنى تىرىك تاشلىۋېتىشى مۇمكىن ، چۈنكى قادىر قاسىمغا ئەگىشىپ ماڭالمايدۇ ـ دە ! شۇنىڭ بىلەن ئۇ يا ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ ، ياكى بولمىسا ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا ، يىلان ـ چايانلارغا ، يولۋاس ، بۆرىلەرگە يەم بولىدۇ . ئۇلار ئۇنى چوقۇيدۇ ، چاقىدۇ ، چىشلەپ يۇرۇپ يەيدۇ . . . ساربخان شۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، «ئاھ خۇدا !» دېگىنىچە ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشتى . لېكىن ، ئۇ يۆگەكتىكى قادىرنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى . . .

قاسىم ئەمدى نېمىشقىدۇر ساربخانىنى تاشلاپ كەتمىدى . ئېھتىمال ، ئۇ ئۇنداق قىلسا ئىشىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك . ئەمدى ئۇ خەنجەرنى ساربخانىنىڭ بېشىدا ئۇلتۇرۇپ ، ئۇنىڭ گېلىغا تېخىمۇ چىڭراق تەككۈزۈپ تۇردى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ ، سارغۇچ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ ، سالپاڭ قۇلاقلىرى خۇددى ئىتنىڭكىدەك ساڭگىلاپ قالغانىدى . ساربخانىنىڭ گېلى ئۇبدانلا ئېچىشىشقا باشلىدى .

— ئېيتە ساربخان ، تەكلىپىمگە كۆنەمسەن ـ كۆنمەمسەن ؟ — دېدى قاسىم يۇغرۇش تېخىمۇ غەزەپ بىلەن .

ساربخان قورققىنىدىن غال ـ غال تىترىدى . ئۇنىڭ ئالمىدەك چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتتى . ساربخان نېمە

دېيىشىنى بىلەلمەي ، بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى . ئارقىدىنلا ئۇ ئېسىنى يىغىپ دەقىقە خىيال سۈرۈۋالدى : «ئەگەر مەن ئۇنىڭ تەكلىپىگە كۆنمىسەم ، ئۇ مېنىمۇ ، قادىرنىمۇ بوغۇزلىۋېتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىز قاغا ـ قوزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېتىمىز . ئۇنىڭ تەكلىپىگە كۆنسەمچۇ؟ ! قايسى يولغا ماڭسام بولار؟ ھەر ئىككىمىز ئۆلگىنىمىز تۈزۈكمۇ ياكى قادىرنى تاشلاپ ، مەن ھايات قالغىنىم تۈزۈكمۇ؟ . . . توغرا ، ھەر ئىككىمىز ئۆلگەندىن كۆرە ، بالىنى تاشلىغىنىم تۈزۈك ، كېيىن بىرەر ئادەم بار جايغا بارغاندا ، ئۇنىڭ بارلىق ئەسكىلىكىنى باشقىلارغا دېسەم ، باشقىلار چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدۇ ھەم بۇ لەنىتى ئالتۇن ئۇنىڭغىمۇ نېسىپ بولمايدۇ ، بەلكى مەن ئۇنى خاننىڭ روھىغا ئاتاپ شۇ جايدىكى كىشىلەرگە سەدىقە قىلىۋېتىمەن . ئۇنداقتا بالىنى قەيەرگە تاشلىشىم كېرەك؟ مۇشۇ يەرگىمۇ؟ ياق ! توختا... ــ دېدى سارىخان ئويلىغانلىرىدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىپ ، ــ قادىرنى بۇ يەرگە تاشلىماي ، ئاۋۇال ئاۋۇ تاغدىن ئۆتەيلى ، ئۇ يەردە بىرەر چىغىر يول بولسا شۇ يول بويىغا تاشلاپ قوياي . بەلكىم ئۇ شۇ جايدا بىرەر ئاق كۆڭۈل كىشىگە ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس . چۈنكى ، بۇ بالا گۇناھسىز ! . . .»

ــ نېمانداق جاۋاپ بەرمەي تۇرۇپ كېتىسەن ، يەنە سۆزلىمەيدىغان بولساڭ ، ئەمدى رەھىم قىلماي بوغۇزلىۋېتىمەن . ئېيت ، زادى قايسى يولغا ماڭىسەن؟ تېز بول !

ــ بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ ، يۇغرۇش قاسىم ! ــ دېدى ئىنىكئانا سارىخان يىلىنىپ تۇرۇپ ، ــ مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە كۆنەي . بىراق ، سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ سورىماقچىمەن . بۇ بالا گۇناھسىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇنىڭ ئاتىسى سىزنى بىر نەچچە يىل بېقىپ تەربىيىلىدى . شۇ تۈزنىڭ ھەققى ئۈچۈن ، ئەڭ مۇھىمى مۇسۇلمانچىلىق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ

ھۆرمىتى ئۇچۇن بولسىمۇ، بۇ بالىنى ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاشلاي، ماقۇل دەڭ! بولامدۇ؟

قاسىم يۇغرۇش بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دېدى سارىخانغا قىيسىق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن يېنىۋالمايسەن - ھە؟

— چوقۇم يېنىۋالمايمەن!

— قەسەم قىل!

— خۇدا ھەققى، بۇ گېپىم راست!

ئۇلار يەنە يولنى داۋاملاشتۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلار تاغدىن ھالقىپ ئۆتتى. بۇ تاغنىڭ ئالدى چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق بولۇپ، ئۇ يەردە توغراق، قارىغاي ۋە ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەر بار ئىدى. ئورمانلىق ئارىسىدا پادىلار ماڭغان چىغىر يوللارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاسىم يۇغرۇش چىغىر يوللارنى كۆرۈپ، بىر ئاز چۆچۈدى. شۇڭا، سارىخاننى قادىرنى تېزرەك تاشلاشقا زورلىدى. ئاخىر سارىخان قادىرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىدى، بۇ ئەتراپتا قادىرغا زىيان يەتكۈزىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تىنۋشى يوق ئىدى، بايامقى قاغىلارمۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بالىنى قايسى جايغا تاشلاشنى خېلى ئويلاندى. دەل شۇ چاغدا قاسىم يەنە خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى:

— تېز بول! — دېدى ئەتراپقا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، — ئەگەر غەيرىي بىر ئاۋازنى ئاڭلاپلا قالسام، سېنى مۇشۇ يەردە بوغۇزلىۋېتىمەن. تېز بول!

ئاخىر سارىخان قادىرنى بىر چىغىر يول بويىدىكى قېرى توغراقنىڭ ئادەم بويى يەتكۈدەك يېرىدىكى كامېرىغا تىقىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئويلىدىكى، قادىرنى يەرگە

تاشلىغاندىن كۆرە ئاشۇ يەرگە تىقىپ قويۇش ياخشىراق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ توغراق كامىرىنى ئوبدان تازىلاپ ، بالىنىڭ قولىنى يۆگەكتىن چىقىرىپ ، يەنە ئوبدان زاكىداپ ، ئارقىدىن بۇ شېئىرنى ئوقۇدى :

يىلاننى قاچانكى قىلساڭ تەربىيەت ،
بىر كۈنى زەھىرىنى سالىدۇ ئەبەد .
پەس كىشىمۇ خۇددى يىلان مىجەزدۇر ،
يامان دىدارىدىن يىراق بول ئەبەد .

ئىنكئانا شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپلا ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى . قاسىم يۇغرۇش ئىنكئاننى يىغلىساڭ جىنىڭنى ئالىمەن ، دەپ قورقۇتتى . سارىخان قاسىمنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ بالىنىڭ پۇت تەرىپىنى توغراق ئىچىگە ، باش تەرىپىنى تۆشۈك تەرەپكە قىلىپ قويدى .قاسىم سارىخاننىڭ قولىدىن سۆرىگەندەك تارتىپ ئېلىپ ماڭدى ، سارىخان ھەر قەدەمدە ئارقىسىغا بىر قارايتتى . ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى .

قاسىم يۇغرۇش ئىنكئاننى سۆرەپ ئانچە ئۇزۇنغا بارماستىنلا ، قادىرنىڭ قاتتىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرەك - باغرى ئۆرتەنگەن ئىنكئانا چىدىيالماي قاسىمنىڭ ئامبۇردەك قىسۋالغان قولىدىنقاتتىق سىلكىنىپ قولىنى بوشىتىپ ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، «ئاھ بالام !» دېگىنىچە قادىر تەرەپكە قاراپ چاپتى . لېكىن ، ئانچە ئۇزۇنغا بارماستىنلا ، قاسىم يۇغرۇش ئۆشنىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويۇپ ، قوغلاپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ، ئارقىدىن ئۇ سارىخاننى ئوڭدىسىغا بېسىپ ، غىلاپتىن خەنجەرنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ گېلىغا سۇردى .

# ئىككىنچى باب

1

ھىجرىيە 555 ـ يىلى ، ئەتىياز .

ئۇدا نەچچە كۈندىن بېرى توختىماستىن بوران چىقىپ ، تاش قەلئە ئاسمىنى چاڭ ـ توزانغا تولۇپ كەتكەنىدى . كوچىلاردىكى توغلار ئېرىگەن ، يەرلەر لۆمۈلدەپ ، ھەتتا بەزى جايلار لاي ـ پاتقاقتا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئەمدىلا پوتلا چىقىرىشقا باشلىغان تېرەكلەر قاتتىق بوراندا گاھ ئۇياققا ، گاھ بۇياققا ئېگىلىپ ، بەزىدە قاراسلاپ ، ھازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئالىلىقاياقلاردىن لالما ئىتلار ، ھوقۇشلار ئەنسىز ھۇۋلىماقتا ئىدى . . .

بوران قاتتىق چىقىۋاتقىنىغا قارىماي ، ئۇردا تەرەپتىن بىر كىشىنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قولىدىكى جاڭنى قاتتىق ئۇرۇپ قويۇپ ، پۈتۈن كوچى بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

ـــ جاڭ ! جاڭ ! جاڭ !··· ئەيىۇھەنناس ! ئاڭلىمىدىم ، ئىشتىمىدىم دېمەڭلار ! جاڭ ! جاڭ ! جاڭ ! يەنلىغ ئاباگى بەگىنىڭ يارلىقى ، جاڭ ! جاڭ ! جاڭ !··· بۈگۈن «بەگلىك يەر»گە ئىشلەش ھاشىرى يەنە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ . شۇڭا ، ھەر بىر تۈتۈندىكى① يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى «بەگلىك يەر» ھاشىرىغا قاتناشسۇن ! جاڭ ! جاڭ ! جاڭ ! ناۋادا كىمكى ، بۇ ھاشاردىن باش تارتسا ، ئىككى دىناردىن ئاقچا تاپشۇرسۇن ! ناۋادا ئىككى دىنارى بولمىسا ، «بەگلىك يەر»

---

① تۈتۈن ـ ئۆي ، ئائىلە .

گە ئون بەش كۈن ھەقسىز ئىشلىسۇن! بۇنىڭغا كۆنمىگۈچىلەر قىيىسغقا تاشلىنىدۇ! جاك! جاك! جاك...

جارچى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تاش قەلئەدىكى يوقسۇللار ئارا، كەتمەن، خالتا - قاپلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆي - ئۆيدىن چىقىپ، قاتتىق بوران كۆزلىرىگە توپا - چاڭلارنى ئۇرۇپ تۇرغىنىغا قارىماي «بەگلىك يەر»گە قاراپ راۋان بولدى. ھاشارچىلارنىڭ ئىچىدە قېرىلارمۇ، ياشلارمۇ، ھەتتا كىچىك باللارمۇ بار ئىدى، قىسقىسى، بۇ قەلئەدە «بەگلىك يەر» گە مېڭىپ بارالايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھاشارغا ماڭغانىدى. مۇبادا ئۇلاردىن بىرەرى ھاشارغا بارمىسا، ھەر بىر مەھەللىدىكى كۆز - قۇلاقلار ئۇلارنى شۇ ھامانلا يېزا بېگىگە چاقاتتى - دە، ھاشارغا بارمىغانلارنىڭ بەزىسى كۆك تاياققا ئۇچرىسا، بەزىلىرى ئىككى دىنارغا قەرزدار بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، مۇشۇ قەلئەدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەردىن بىرىمۇ قالماي ھاشارغا چىققانىدى.

«بەگلىك يەر» تاش قەلئەنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى سېپىلنىڭ سىرتىدىكى بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېچىلغان يەر بولۇپ، ئۇ گويا رىۋايەتلەردىكى باغچىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئۈچ يۈز تاناپ كېلەتتى. «بەگلىك يەر»نىڭ ئوتتۇرىسىنى تاش قەلئە دەرياسى كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭغا تەگرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى مېۋىلىك، مېۋىسىز دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى كۆچۈرۈلۈپ كېلىنىپ يېتىشتۈرۈلگەنىدى. بۇ يەرنى ئېچىپ باغ قىلىش يەنلىغ ئاباگى تاش قەلئەگە بەگ بولۇپ كېلىپ ئىككىنچى يىلى باشلانغانىدى. بۇ يەرنى ئۇ دەسلەپتە، پۇقرالارغا «بەگلىك يەر» دەپ ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەسمىي پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ھەرقايسى جايلاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ ئېقىپ يۈرگەن قاراقتانلار ئىچىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ تاش

قەلئە پۇقرالىرىنى «بەگلىك يەر» دېگەن نام ـ ئاتاقتا ئۆز تۇغقانلىرىغا قۇل ئورنىدا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى، ھەر قېتىم ھاشار سىلىقى چۈشكەندە ئىشقا بارمىغانلاردىن، ھەتتا كېسەل بولۇپ قالغانلاردىنمۇ مەجبۇرىي ھالدا ئىككى دىناردىن ئاقچا يىغدى، قىسىقىسى، يەنىلا ئاباگى ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى پۇقرالارنى گويا توخۇنى يۇڭدىغاندەك بىر ـ بىرلەپ يۇڭداپ نامراتلاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە نامراتلارنى باشقۇرۇش بايلارنى باشقۇرۇشتىن ئاسان ئىدى. ھاشارغا قارشى چىققۇچىلارنى خالىغاندا ئۇرۇپ، قىيىسىغقا تاشلىدى.

«بەگلىك يەر»نىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريادا ئۈچ ئورۇندا كۆۋرۈك بار ئىدى، بۇ كۆۋرۈكلەر ھەر ئىككى، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىناتتى. چۈنكى، بەزى يىللىرى دەريا سۈيى كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كېتەتتى. يېڭى كۆۋرۈك سېلىشقىمۇ ھاشارچىلار ئىشلەيتتى.

بۈگۈن «بەگلىك يەر» دە ھاشارچىلارنىڭ ئىش باشلىغانلىقىغا خېلى بولۇپ قالغانىدى. بەزىلەر «بەگلىك يەر» دە بۇ يىل سەي تېرىيدىغان يەرنى قىرلىسا، بەزىلەر يەر تۈزلىمەكتە، بەزىلەر قەلئە ئىچىدىكى خالالارنىڭ گەندىلىرىنى، ئاتخانىلارنىڭ قىغلىرىنى توشۇسا، بەزىلەر ئېتىزلارغا قىغ چاچماقتا ئىدى. قوللىرىدا قامچا تۇتقان مەھەللە بەگلىرى پۇقرالارنى تېز ئىشلەشكە مەجبۇرلاپ، ئېتىزمۇ ئېتىز ئارىلاپ يۈرەتتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرسى ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

غېرىب بىچارىلەر كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كۆيۈپ كۈل بولغىنى يوقتۇر.

كېتسپ بارىدۇ دەردمەن ،
قولىدا يوغان كەتمەن .
دەردىڭنى ماڭا ئېيتما ،
مەن سەندىن يامان دەردمەن .

غەزەلخاننىڭ بۇ مۇڭلۇق ناخشىلىرى پۈتۈن هاشارچىلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى . بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلدى ، هەتتا بىر قىسىم قېرىلار ئۆپكىدەك يىغلاپ تاشلىدى . ئاخىر ئۇنىڭ ناخشىسى پۈتۈن باغ ئىچىنى مۇڭ - هەسرەتكە كۆمۈۋەتتى :

ئاق بەلباغمۇ توقۇيمەن ،
كۆك بەلباغمۇ توقۇيمەن .
مەن غېرىبنىڭ دەردى تولا ،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن .
. . .

غەزەلخاننىڭ بۇ مۇڭلۇق ناخشىلىرى گويا هاشارچىلارنىڭ قەلب سۆزلىرىدەك تۇيۇلدى بولغاي ، توپا قاچىلانغان قاپ - خالتىلارنى يۈدىگەن ئۇششاق باللار ، زەمبىل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ياشلار يۈرەكلىرىنى جىغىلداتقان ناخشا ساداسىغا قۇلاق سېلىۋاتقان يېرىدىلا توختاپ قېلىشتى ۋە ناخشا ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى . توپا ئۇسۇۋاتقان ،قىغ چېچىۋاتقان كىشىلەرمۇ كەتمەنلىرىگە يۆلۈنۈپ تۇرۇپ قېلىشتى .
— هوي ، هاڭۋاقتىلار ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەن ؟ تېز بول ، تېز بولۇش . . — دەپ ۋارقىرىدى بېشىغا كەمچەت تۇماق ، ئۇچىسىغا قارا تاۋاردىن ئۇزۇن تون كىيگەن بىر كىشى .
ئۇ بوينىغا يىپەك يىپ بىلەن «لياۋ خانلىقىغا تەۋە بەگ»

دېگەن خەت ئويۇلغان كۇمۇش دەستەك ئېسىۋالغانىدى . قىيسىق كۆز ، كەمشەك بۇرۇن ، شەمۇك ئېغىز ، سارغۇچ يۇز كەلگەن بۇ ئادەم ئەللىك ـ ئەللىك بەش ياشلاردا بار ئىدى . بىراق ، هاشارچىلار پۇتۇن دىققىتى بىلەن ناخشا تىڭشاۋاتقاچقا ئۇ بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغان بولۇۋالدىمۇ ، ئىش قىلىپ ، ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىغا هېچكىم پىسەنت قىلمىدى . هاشارچىلارنىڭ بۇ قىلىقى بەگنى قاتتىق تېرىكتۇردى ، شۇڭا ئۇ كەلگىنىچە كېلىپ تولىشىپ ناخشا ئاڭلاۋاتقانلارنى بىر چەتتىن ساۋاشقا باشلىدى ، ئەتراپنى قىيا ـ چىيا قاپلاپ كەتتى . بىر قانچەيلەن خالتا ۋە زەمبىللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشتى ، ئەمما بىر قانچەبالىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قېلىشتى . بەگ ئاخىر ئۇلارنى ساۋىماقچى بولۇپ يۇگۇرۇپ باردى ـ دە :

— هۇ ، يارىماس نان قېپىلار ! — دېگىنىچە بالىلارنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئىتتىردى ، — نېمىگە قارپ تۇرىشىسەن ، تېز بولۇش ، خالتىلىرىڭنى كۆتۈرۈپ مېڭىش !

ئۇنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئۈشنىسىدىكى قىغ قاچىلانغان خالتىسى بىلەن ئالدىغا دۈم يىقىلىپ چۈشتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى بالا ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى . بەگ ئۇلارنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىنى قەستەن شۇنداق قىلدى ، دەپ ئويلىدى بولغاي ، ئۇلارنى قېيىش قامچا بىلەن قاتتىق ساۋاشقا باشلىدى . قامچىغا چىدىمىغان بالىلار چۇرقىراپ كېتىشتى :

— ۋايجان ! ئاتا ! ئاتا !

— ۋايجان ! ئانا ! ئانا !

— ۋايجان ! ئاكا ! ئاكا ! مېنى قۇتقۇزۇۋال !

بىراق ، بەگ بالىلارنىڭ نالىسىگە پەرۋامۇ قىلماي ئۇرىۋەردى ۋە قېيىش قامچىنىڭ ئۇچىدىكى تۇگۇنچىكى بالىلارنىڭ يۇزىگە

تىگىپ يېرىلۋەتتى . قىيا ـ چىيا ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالدى . دەل شۇ چاغدا يىراقتىن كۆۋرۈككە ياغاچ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ، بېشىغا ئاق تۇماق ، ئۇچىسىغا ماتادىن ئەستەرلىك ئىشتان ـ چاپان ، پۇتىغا كونا چورۇق كىيگەن ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت ئۆشنىسىدىكى ياغاچنى يەرگە تاشلاپ ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بەگنىڭ ئالدىنى توستى :

— ھۇ مۇتىھەم ، قولۇڭنى تارت !— دېدى يىگىت بالىلارنى ساۋاۋاتقان بەگنىڭ قولىنى قاداق بولۇپ كەتكەن قولى بىلەن ئامبۇردەك قىسىپ تۇرۇپ ، — بىگۇناھ بالىلارنى نېمانچە ئۇرىسەن ؟ نېرى تۇر ! . .

يىگىت بەگنى ئارقىسىغا ئىتتىرىۋېتىپ ، يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغان بالىلارنى يۆلەپ تۇرغۇزدى . ئىككىي بالا دەلدەڭشىگەن پېتى كىشىلەر توپىغا قاراپ قاچتى . يىگىت قىزنى باغرىغا بېسىپ ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككەن پېتى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى قانلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى . چۈنكى ، بۇ قىز ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىدى .

— ئاكا ، دۈمبەم ، بوينۇم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى قىز ئاكىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ .

سىڭلىسىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىشىدىن ئاكىسىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى . . .

بەگ بولسا يىگىتنىڭ قاتتىق ئىتتىرىشىدىن ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەنىدى . يىقىلىپ چۈشكەندە ئارقا مېڭىسى بىر كىچىك تاشقا تېگىپ ، قاتتىق ئاغرىپ كەتتى ـ دە ، ئۇنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى . باياتىندىن بېرى ئەتراپتا كۆزىتىپ تۇرغان باشقا بەگلەر ئۆز ئادىمىنىڭ بىر پۇقرا تەرىپىدىن يىقىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ ، قوللىرىدىكى قامچىلىرىنى شىلتىغىنىچە يىگىتنىڭ قېشىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى . ئەمما ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن سىڭلىسىنىڭ قانلىرىنى سۈرتۈۋاتقان يىگىت بولسا ، بەگلەرنىڭ

يۇپۇرۇلۇپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى . بۇ چاغدا ،قىزنى ئۇرغان بەگمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، يىگىتكە يېقىنلاپ كەلدى - دە ، يىگىتنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ كەتتى .

يىگىت دەسلەپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىرىدى ، كېيىن بۇرۇلۇپ قاراپ بەگنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى ۋە ئورنىدىن تۇرغان پېتى بەگنىڭ بېقىنىغا كەلتۇرۇپ بىر مۇشت سالدى . قاتتىق مۇشت زەربىسىدىن بەگ سول تەرەپكە يىقىلىپ چۈشتى . دەل شۇ چاغدا ، بىر بەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ، قولىدىكى قامچىنى يىگىتنىڭ پۇتىغا يۆگەپ ئۇرۇپ ، ئۇنى تۇيۇقسىز ئالدىغا دۈم چۈشۈرۈۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بەگلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئۇنى بېسىۋېلىپ ، مۇشتلاپ دەسسەشكە باشلىدى ، يىگىتنى ئالتە - يەتتە بەگ دۈم بېسىۋالغاچقا ، خېلى تېپىرلاپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى ، ئۇنىڭ سىڭلىسى :

— ۋاي ئاكام ! ئاكامنى بەگلەر ئۇرۇۋەتتى ، ئۇز - - ى قۇتقۇزۇڭلار ! — دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى .

بىراق ، ھاشارچىلاردىن ھېچكىم يىگىتنىڭ قېشىغا يېقىن كېلەلمىدى . چۈنكى ، ئۇلار بەگلەردىن قورقۇپ كەتكەن ، يۈرىكى مۇجۇۋېتىلگەندى . مۇبادا ئۇلار يىگىتكە بولاشسا «غەليان كۆتۈردى» دەپ قارىلىنىپ ، جازالىنىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

2

قاراقىتانلار ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، قاراخانىيلارنىڭ سۇيۇرغاللىق (ئىلىك خانلىق) تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئەسلىدىكى لياۋ خاندانلىقىنىڭ تۈزۈمى

بويچە ئۈچ خىل ئۇسۇل[1] بىلەن باشقۇردى . ھەرقايسى رايونلاردا مۇنتىزىم چېرىك توختىتىپ ، باسقاقبەگ مەھكىمىلىرىنى قۇرۇپ ، ئۆز ئادەملىرىدىن باسقاقبەگلەرنى تۇرغۇزدى . ئەنە شۇ قاتاردا تاش قەلئەگىمۇ يەنلىغ ئاباگى دېگەن بىرسىنى باسقاقبەگ قىلىپ ئەۋەتتى . ئۇ تاش قەلئەگە كەلگەن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ياسىنخاندىن قالغان ئوردا ئىچىدە ئادىللىق ئورنىغا ناھەقچىلىق ، شادلىق ئورنىغا زۇلمەت ، ئاق كۆڭۈل ھۆكۈمرانلار ئورنىغا قارانىيەت ھۆكۈمرانلارنى ئالماشتۇرغاندىن باشقا ، ئوردا ۋە شەھەرئىچىدە باشقا چوڭ ئۆزگىرىش قىلمىدى . ئۇ پەقەت ئوردىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە خىشتىن ئۆز مەدەنىيىتىگە خاس ھالدا بىر راۋاق سالدۇردى ، يەر ئاستىغا تۇرمىلەرنى ياساتتى . ئوردا ئۆيلىرىنى بولسا ، ياسىنخان سالدۇرغان پېتى ئىشلەتتى . ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئۆيلەرنى بولسا ، رېمونتلا قىلىپ قويدى . يەنلىغ ئاباگى بەگ ھەر دائىم : «بۇلارنىڭ زېمىنىدا تۇرۇش ۋاقتىنچە ئىش ، ئۇلار بىزنى قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈن بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ، بۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان تەكرارلىنىپ كەلگەن ئىش ، بۇ قانۇنىيەتنى بىز مىڭ چىرايلىق ، ياپتا گەپ قىلغىنىمىز بىلەن ئۆزگەرتەلمەيمىز . شۇڭا ، بۇلارنىڭ زېمىنىغا ئالتۇن - كۈمۈش سەرپ قىلىپ ، ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سېلىش بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ۋە ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، شۇڭا بىز بۇ يەردىكىلەردىن يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى خەزىنىگە يىغىپ ، ئۆزىمىزنى باي

---

[1] ئۈچ خىل ئۇسۇل - ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ يەرلىك ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش ، مەلۇم مۇددەتتە باج - سېلىق يىغقۇچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ باج - سېلىق يىغىش ، ئۆزىگە تەۋە بولغان رايونلاردىكى ئەمەلدارلارغا دەستەك (پەيزە) تارقىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ .

قىلىشىمىز كېرەك» دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇ خىل قارىشى بىلەن يەرلىك پۇقرالارنىڭمۇ ئۆي سېلىشىغا، يېڭىلىشىغا يول قويمىدى. ناۋادا بىرەر كىشى ئۇنىڭغا خەۋەرلەندۇرمەي تۇرۇپ ئۆي سالسا، يېڭىلىسا، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىپ جازالىنىپ، بىر قانچە ئاي «بەگلىك يەر»گە ھەقسىز ئىشلەيتتى. مۇبادا ئۆي سالغۇچى ياكى يېڭىلىغۇچى بۇ ئىشنى يەنلىغ ئاباگىغا خەۋەر قىلسا، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، پارا بېرىشكە توغرا كېلەتتى.

يەنلىغ ئاباگى ھازىرقى شەنشىنىڭ يۈجۈ ـ داتۇڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئاق سۆڭەكلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەندە يەنلىغ تاشىنغا چېرىك بولدى. قاراقىتانلار جىن سۇلالىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ غەربكە كۆچكەندە ئۇمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا يەنلىغ تاشىنىنىڭ ئەمرىنى سادىقلىق بىلەن ئورۇندىغاچقا ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە مىڭ بېگى بولدى، پەيدىنپەي ئۆسۈپ قاراخانىيلار يىمىرىلگەن چاغدا، تاش قەلئەگە باسقاقبەگ بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ تاش قەلئەدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، پۇقرالاردىن ئالىدىغان سېلىقنى يەتمىش ئىككى خىلدىن ئاشۇرۇۋەتتى، سىياسىي زۇلۇمنىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ۋەھشىي ئىشى شۇ بولدىكى، ئۇ تاش قەلئەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزلىرىنى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مەجبۇرىي ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ دېدەك ئورنىدا ئىشلەتتى ۋە خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلدى.

يەنلىغ ئاباگى كۆپىنچە مەخسۇس سېلىنغان راۋاقتا ئولتۇراتتى. راۋاق ئوردىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايىغا

سىلىنغانىدى. راۋاق ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە تۇرغاندا تاش قەلئەنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئايلانمىسىنىڭ كەڭلىكى ئون قەدەم بولۇپ، ئەتراپىغا ئىككى يول قارىغاي ئۆستۈرۈلگەنىدى، راۋاق ئەتراپى يىراقتىن قارىغان كىشىگە گويا تەبىئىي قارىغايزارلىقتەك كۆرۈنەتتى. راۋاقنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە قوش قاناتلىق بىرلا كىرىش ئىشىكى بار ئىدى ۋە بىرىنچى قەۋەت بەگنىڭ ئەمر-پەرمان چۈشۈرۈش ئۆيى، ئىككىنچى قەۋىتى قىش كۈنلىرى ئارام ئالىدىغان خانىسى ئىدى، ئۈچۈنچى قەۋىتىنىڭ تۆت تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، ئۇستى يېپىق ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاختايلىق سۇپا بولۇپ، ياز كۈنلىرى يەنلىغ ئاباگى ئاساسەن مۇشۇ جايدا يېتىپ قوپاتتى. راۋاقنىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئاستى-ئۈستى ۋە تاملىرى خوتەن گىلەملىرى بىلەن بېزەلگەن، تۆت ئورۇندىكى تۈۋرۈكلەر بىلەن قوش قاناتلىق ئىشىك كۆك سىر بىلەن سىرلانغانىدى. ئىشىكتىن كىرگەندە ئوڭ ۋە سول تەرەپتە گىلەملەر بىلەن قاپلانغان كۇرسىلار بار ئىدى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىدىغان ياغاچ پەلەمپەيمۇ خىلمۇخىل سىرلار بىلەن سىرلانغانىدى. شۇ تاپتا پەلەمپەيدىن بىر قەدەم ئالدىغىراق قويۇلغان، ياسىنخاندىن قالغان ئالتۇن كۇرسىدا بېشىغا باسقاقبەگلىك ئۇنۋان بەلگىسى بېكىتىلگە قارا قالپاق، ئۇچىسىغا قارا تاۋاردىن ئۇزۇن نىمچە، پۇتىغا لاتا خەي كىيگەن يۈزى قارا، كۆزلىرى كۆپكۆك، مۇشۇك بۇرۇت يەنلىغ ئاباگى ئولتۇراتتى. ئۇنى قاراقىتانچە ياسانغان ئىككى قىز يەلپۈپ تۇراتتى.

ئىككى تەرەپتىكى كۇرسىلاردا سانغۇن، بەگلەر يەنلىغ ئاباگىنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا راۋاقنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، گىلەم ئۇستىگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ سەزگىلى بولاتتى. كۇرسىلاردا ئولتۇرغان

بەگلەر يەنلىغ ئاباگىنىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن قورقۇپ، بۇرنىنى تارتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتتى. بۇنداق سۈرلۈك جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ باسقاقبەگ ئۆزى بۇزدى:

— ھۆرمەتلىك سانغۇن، تۇمەن بېگى ۋە مىڭبېگى جانابلار، — دېدى ئۇ ئولتۇرغانلارغا كىنايە بىلەن دوق قىلىپ، — قىلىچ يارلىقى چۈشۈرۈلگىنىگە يىگىرمە كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ لېكىن ھازىرغىچە ئاران ئىككى كىشى پىقىرغا قىلىچ كۆرسەتكىلى كەلدى، شۇنداققۇ دەيمەن؟!

— شۇنداق بەگ ئاتا، — دېدى بەگلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا.

— بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ — دېدى يەنلىغ ئاباگى سوئال نەزەرى بىلەن كۈرسىلاردا ئولتۇرغان بەگلەرگە قاراپ، — پۈتۈن قەلئە ئىچىدە ماڭا يارىغۇدەك قىلىچ سوقىدىغان بىرمۇ تۆمۈرچى ئۇستا يوقمىدۇ ياكى جاكارچى يارلىقىمىزنى ھەممە جايغا يەتكۈزمىدىمۇ يا؟!

— ياق بەگ، ئاتا، — دېدى شەرق تەرەپتىكى كۈرسىدا ئولتۇرغان بىر مىڭبېگى ئورنىدىن تۇرۇپ، بەگكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — مەن جاكارچى بىلەن بىرگە بارغان، ئۇ قەلئەنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە پەرمانلىرىنى يەتكۈزدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى باسقاقبەگ غەزەپ بىلەن، — ئەگەر بۇگۈن تۆمۈرچىلەر ماڭا يارىغۇدەك بىرەر قىلىچ سوقۇپ ھوزۇرۇمغا ئېلىپ كېلەلمىسە، ئۇنداق يارىماس تۆمۈرچىلەرنى باققاندىن كۆرە ئەتە سەھەردىن باشلاپ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىمەن!

بەگ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەي دەپ تۇرۇشىغا ئۇشتۇمتۇت ئىشىك سىرتىدىن يۇگۇرگەننىڭ چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىر، — دېدى باسقاقبەگ يۇگۇرگەننىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپ.

يۇگۇرگەن باسقاقبەگ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن،

ئەمرخانىغا كىرىپ :

— ھۆرمەتلىك بەگ ئاتا ،— دېدى بەگكە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ ،— بىر ئۇيغۇر ئۆزلىرىگە قىلىچ كۆرسەتكىلى كەپتۇ، كىرسۇنمۇ ؟ !

— كىرسۇن !— دېدى بەگ .

— خوپ !

يۇگۇرگەن چىقىپ كېتىپ ئانچە ھايال بولماي قىلىچ كۆرسەتكىلى كەلگەن كىشىنى باشلاپ كىردى . تۆمۈرچىگە ئەگىشىپ ئۇن ياشلار چامىسىدىكى بىر كىچىك بالىمۇ بىرگە كىرگەنىدى ، كىچىك بالا ئەمىرخانىغا كىرىپلا بەگدىن قورقتىمۇ ، قانداق ، دەرھال قىلىچ كۆرسەتكىلى كەلگەن كىشىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى . قىلىچ ئېلىپ كىرگەن كىشى بەگكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، يېنىغا ئېسىۋالغان قىلىچنى غىلىپى بىلەن بەلۋېغىدىن چىقىرىپ بەگكە ئىككى قوللاپ سۇندى ۋە :

— ھۆرمەتلىك يەنلىغ ئاباگى بېگىمىز ، ئۆزلىرىنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇشبۇ قىلىچنى يىگىرمە كۈن زېرىكمەي ئىشلەپ سوقۇپ ، ھوزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدىم . بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى قوبۇل قىلىپ ، مېنىڭ ۋە پۈتۈن شەھەردىكى تۆمۈرچىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتكەيلا !— دېدى .

يەنلىغ ئاباگى بەگ ئىككى قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتۇن كۇرسىدىن تۇرۇپ ، تۆمۈرچىنىڭ قولىدىن قىلىچنى ئالدى - دە ، قىنىدىن سۇغۇردى . بۇ قىلىچ شۇنداق بېزەلگەنىدىكى ، ئەييۇھانناس ! ئۇنىڭ دەستىسىگە نەچچە خىل نەقىشلەر نەقىشلەنگەنىدى ، تىغى يالت - يۇلت قىلىپ پارقىراپ تۇراتتى . يەنلىغا ئاباگى قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرغان پېتى بېشىدىن بىر ئايلاندۇرۇپ كۆردى . بۇ چاغدا چاشكا ۋاقتى بولغان بولۇپ ، ئۆيىنىڭ شەرقىي رۇجىكىدىن كىرىپ تۇرغان تارام - تارام قۇياش نۇرلىرى قىلىچ يۈزىدە جۇلالىنىپ ، ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزلىرىنى

قاماشتۇرۇۋەتتى .
— يەنلىغ خاشى مىڭبېگى ! — دېدى يەنلىغ ئاباگى سول تەرەپتىكى كۇرسىدا ئولتۇرغان بىر مىڭبېگىنى چاقىرىپ ، — ئاۋۇ كىچىك شۇمتەكنى ئېلىپ كەل ، قىلىچنىڭ بىسىنى سىناپ باقاي !
— خوپ ، بەگ ئاتا ! — دېدى قارامتۇل كەلگەن بىر مىڭبېگى ئورنىدىن تۇرۇپ .
— هوي ، يەنلىغ ئاباگى بېگىم ! ئادىشىپ قالدىلىمۇ ؟ — دېدى تۆمۇرچى قاتتىق ھولۇقۇپ ، — بۇ مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىر تاللا ئوغلۇم .
— ئوغلۇڭ بولسا نېمە بولۇپتۇ ؟ — دېدى يەنلىغ ئاباگى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ ، — ئېھتىمال سەن ئۇنى بۇ يەرگە يەنلىغ ئاباگى بەگ قىلىچنىڭ بېسىنى سىنىغاندا لازىم بولار ، دەپ ئېلىپ كەلگەنسەن ، ئۇنداق بولمىسا ، بۇ كىچىك بالا بۇيەرگە نېمىشقا كىرىدۇ ؟ !
تۆمۇرچى يەنە نېملەرنىدۇ دەي دەپ تۇرۇشىغا يەنلىغ خاشى مىڭبېگى كىچىك بالىنى قولىدىن تارتىپ بەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . كىچىك بالا قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە «ئاتا ! ئاتا ! ئاتا !» دەپ توختىماستىن يىغلاپ ياش تۆكمەكتە ئىدى ، تۆمۇرچى بالىغا قاراپ ئېتىلدى . لېكىن ، مىڭبەگلىرىدىن ئىككىسى قوپۇپ تۆمۇرچىنى ئارقىسىغا سۆرەپ تارتتى ، تۆمۇرچى ئۆلارنىڭ تارتقىنىغىمۇ ئۇنىماي ، يۇلقۇنۇپ چىقىپ بالا تەرەپكە ئېتىلدى . دەل شۇ چاغدا يەنلىغ ئاباگى قولىدىكى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بالىنى چاپتى . بالا بەل ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە بولۇپ ، «ئاتا ! ئاتا !» دەپ توۋلاپلا جىمىپ قالدى ، ئۇنىڭ ئۇچەي - قارنى چېچىلىپ ، گىلەم ئۇستىنى بۇلغىۋەتتى . كۇرسىلاردا ئولتۇرغانلار قورققانلىرىدىن تەنلىرى شۈركۈنۈپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كېتىشتى . بەگنى كۇتۇدىغان ھېلىقى ئىككى قىزمۇ

«ئانا !» دەپ چىرقىراپ كەتتى. تۆمۈرچى بولسا، «ئاھ بالام» دېگىنىچە بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ھوشىدىن كەتتى.

— بۇ قىلىچ ماڭا ياردى، بۇ ھەقىقەتەن كېسەر قىلىچ ئىكەن، — دېدى يەنىلا ئاباگى مىيىقىدا كۈلۈپ ۋە بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن ئەمر قىلدى، — يارلىق، بۇگۈندىن ئېتىبارەن قىلىچ يارلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن!

— خوپ بەگ ئاتا! — دېيىشتى سانغۇن، بەگلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇللۇق بىلدۇرۇپ تەزىم قىلىشىپ.

## 3

قەلئە مەركىزىدىن تۆت چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ساي مەھەللىسىنىڭ بېشىدا بىر غېرىبانە ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تاملىرى ناھايىتى كونا بولغاچقا، لاي تاملارنىڭ سىرتقى يېرىقلىرى سامانلىق لاي بىلەن ئېرىنمەي چاپلانغان، تامنىڭ ئۇللىرى سېغىز چالمىلار بىلەن ئېرىنمەي ئۇلدانغان، كىچىككىنە ھويلىنىڭ ئەتراپى ئۈچ پەخشە لاي تام بىلەن قورغانغا ئېلىنغان بولۇپ، ئىشىك ئورنىدا خۇددى مال قوتىنىنىڭ ئېغىزىنى ئەتكەندەك ئاستىن- ئۇستۇن قىلىپ ئىككى تال بادرا بېكىتىپ قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ ئىشىكى بولسا رەندىلەنمىگەن توغراق تاختىيىدىن ياسىلىپ، توغراق ياغىچىدىن قوپالغىنا ياسالغان كېشەككە بېكىتىپ قويۇلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۇگۇچۇك چىقىرىلغان تاختىيىدىن سانغاندا ئۈچىنچى تاختاينىڭ يۇقىرى قىسمىغا بىر تال شوينا يىپ بېكىتىپ قويۇلغانىدى. ئۆيدە ئادەم يوق چاغلاردا ئىشىك شۇ شوينا يىپ بىلەن ئىشىك بېشىغا يۆگەپ چىگىپ قويۇلاتتى.

ئۆي ئىچى بەكمۇ كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇستىگە ئاقلانمىغان توغراق ياغاچلىرى قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇلغۇن شېخى

بېسىلىپ، قومۇش بىلەن بۆكۈلگەنىدى. ئۆينىڭ تاملىرى چىرايلىقلىقىنا سۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلىڭ تەرەپتىكى مورىلىقتام ئوچاقتىن ۋە تام ئۈستىگە قويۇلغان قارا چىراغدىن چىققان ئىستىن قاپقارا بولۇپ ئىسلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆي ئىچىگە كىچىككىنە سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاخال، پاخال ئۈستىگە تىتىلىپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز سېلىنغانىدى. شۇ تاپتا سۇپا ئۈستىدە ئىككى كىشى ئۈستىگە مازلىرى چىقىپ قالغان يوتقان يېپىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىرى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى يىگىت، يەنە بىرى ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى قىز ئىدى. سۇپىنىڭ بۇلۇڭىدا يوتقان - كۆرپە تىزىقلىق تۇراتتى. ئوچاقتا ياغاچ تۇۋاقلىق بىر مىسقازان ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئوچاقنىڭ يېنىدا بىر قاپاق بىلەن بىر ياغاچ چۆچەك تۇراتتى. ئىشىك تەرەپتىكى بۇلۇڭدا يىرىم ئۇن قاچىلانغان سارغىيىپ كەتكەن بىر بۆز خالتا بار ئىدى. ئوچاق بار تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويۇقتا ماتا پەردەتارتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— هوي، ئوغلۇم سادىر، هازىرغىچە ئۇخلاپ ياتتىڭلارمۇ؟! — دېدى بېشىغا ماتا تاشلىق سالپاڭ قۇلاقچا، ئۇچىسىغا بۆز ماتادىن ئەستەرلىك چاپان، ئىشتان كىيگەن كەكە ساقال، ئاق - سېرىق كەلگەن ئەللىك بەش ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئىككى قولىدا بوغۇزلانغان ئىككى توشقاننى كۆتۈرگەن هالدا ئۆيگە كىرىپ، — قوپۇڭلار بالىلىرىم، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قاپقانلارغا ئىككى توشقان چۈشۈپتۇ. تېز بولۇڭلار، گۆش يەيمىز.

— ئاتا قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى يىگىت سول پۇتىنى ئاياپراق ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئاتىسىنىڭ قولىدىكى توشقانلارنى ئېلىپ، — بۈگۈن پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغاچقا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — يىگىت قولىدىكى توشقانلارغا زوقلىنىپ قاراپ ئېيتتى، — ئاتا، كېچىدىن ماڭغان

يولىڭىز بىكارغا كەتمەپتۇ جۇمۇ!

— شۇنداق ئوغلۇم، بۇ خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن رىزقى دېگىنە، قۇرۇلغان قاپقانلارنىڭ ئىككىسىگە بۇ توشقانلار چۈشۈپتۇ، قالدى قاپقانلارغا تېخى توشقان ياكى كىيىك - پىك يولىماپتۇ، — دېدى ئاتا سۆيىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن تېخىچىلا سوت ئۆيقۇدا ئۇخلاۋاتقان قىزىغا قاراپ چاقىردى، — ھوي، قىزىم ھاشىخان، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن توشقان ئېلىپ كەلدىم، گۆش يەيمىز!

— ھە، . . . توشقان . . . گۆش، — دېدى قىز جۆيلىگەن-دەك قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — توشقان قېنى، ئاتا؟

— سىڭلىم، ھاشىخان، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مانا توشقان، — دېدى ھويلىدا توشقان سويۇپ ئادالاۋاتقان سادىر ئۆي تەرەپكە قاراپ، — مانا مەن توشقانلارنى سويۇۋاتىمەن، تېز بولۇڭ، قوپۇپ ئوچاققا ئوت يېقىڭ.

— ماقۇل ئاكا، — دېدى بىر قۇر ماتا كىيىملىرى بىلەن ياتقان قىز. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغدى.

ھاشىخان قاپاقتىن مىسقازانغا سۇ قۇيۇپ، ئوچاققا ئوت ياقتى. ئۇنىڭغىچە سادىرمۇ توشقانلارنى سويۇپ پاكىزلاپ، مىسقازانغا سالدى.

— سادىر ئاكا، — دېدى قىز ئوچاقتىكى ئوت گۇركىرەپ كۆيۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، — مەن كۆلدىن ئازراق سۇ ئېلىپ كىرەي، سىز ئوتقاقاراپ تۇرۇڭ.

— ماقۇل ئۇكام، تېزرەك كەل - ھە.

قىز ھويلىدىكى سوغىنى ئېلىپ سۇغا چىقىپ كەتتى. سادىر ئوچاققا يەنە ئوتۇن سالدى. بوۋاي قاتتىق چارچىغانلىقتىنمۇ يېڭى يىغىلغان يوتقان - كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ كۆز يۇمدى، بىراق ئۇ ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىغا ئۆيگە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ،— دەپ بېشىغا تۇماق ، ئۇستىگە ماتادىن تون چاپان ، ئىشتان كىيگەن ، پۇتىغا چورۇق تارتقان يىگىرمە سەككىز يىگىرمە - توققۇز ياشلاردا بار بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت كىرىپ كەلدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ،— دېدى ئوچاق تۈۋىدە ئولتۇرغان سادىر سول پۇتىنى ئاياپراق ئورنىدىن تۇرۇپ ،— كەل دوستۇم ئالىمجان ، سۇپىغا چىق .

— كەل ئۇكام ، ئالىمجان ، تىنچ ، ئوبدان تۇرغانسەن ؟— دېدى يېڭىلا كۆز يۇمغان بوۋايمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ،— بۇرۇنقىلار «ياخشى مېھمان ئاش ئۇستىگە» دەپتىكەن ، كەل كونا بولسىمۇ ، كىگىز ئۇستىگە چىق .

— ئابدۇكېرىم ئاكا ، مەن سىزنىڭ ئۆيۈڭىزگە دەخلى قىلدىممۇ ، قانداق ؟— دېدى ئالىمجان بىر ئاز خىجىل بولغاندەك قىلىپ .

— ياق ئۇكام ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ ،— دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا ،— ئۆيۈمۇ دېگەننى قاچانلا بولسا ئوخلىۋالغىلى بولىدۇ ، بىراق سىرداش ، ئىشەنچلىك دوستنى ھەممە ۋاقىت تاپقىلى بولمايدۇ . بىزنىڭ ئۆيگە ھەر قېتىم سەن كەلسەڭ ، يۈرىكىم باشقىچە ياشىرىپ قالغاندەك بولىمەن .

— ھە ، دوستۇم سادىر ،— دېدى ئالىمجان سۇپىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سادىرغا قاراپ ،— ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ ، پۇتۇڭ يەنە ئاغرىۋاتامدۇ ؟

— ھە ، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم ،— دېدى سادىر ئالىمجانغا قاراپ ،— پۇتۇممۇ كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . سەن ئاتام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇر ، مەن ئازراق ئوتۇن ئېلىپ كىرەي .

سادىر ھويلىغا چىقىپ ، ھايال بولمايلا ئازراق ئوتۇن كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ئوچاققا ئوتۇن سالدى . ئۆي ئىچىنى ئىس

بىلەن يېڭىلا قايناپ چىققان قازاندىكى توشقان گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى قاپلىدى .

— ئابدۇكېرىم ئاكا ،— دېدى ئالىمجان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ،— ئۈچ كۈن بولدى ، ئانامنىڭ كېسىلى يەنە ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قېلىپ ، سىلەرنى يوقلاپ كېلەلمىدىم .

— هوي ، ئاناڭنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدىمۇ ؟— دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا ئالىمجانغا قاراپ ،— بىز ئۇقماپتىمىز ، ئەسلى بىز يوقلاپ بارىدىغان يولى ئىكەن .

— ئەنسىرىگۈدەك ئەمەس ، بۈگۈن بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالدى ، شۇڭا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تىنىپ ، دوستۇمنى يوقلىغىلى كەلدىم .

— كەلگىنىڭ ياخشى بولۇپتۇ ، ئۇكام ،— دېدى ئابدۇكېرىم ئالىمغا قاراپ ،— مەن كېچە قاپقانلارنى يوقلىغىلى بارغانىدىم . ئىككى قاپقانغا توشقان چۈشكەنىكەن ، شۇنى ئېلىپ ، تېخى هېلىلا قايتىپ كېلىپ ، بىردەم كۆز يۇماي ، دەپ يېتىپ تۇرۇۋىدىم .

— مەهەللىدىكىلەرنىڭ سىزنى «ئابدۇكېرىم قاپقان» دېيىشى بىكار ئەمەس جۇمۇ ،— دېدى ئالىمجان ئابدۇكېرىم ئاكىنى ماختاپ ،— سىزنى قاپقاننى هەقىقەتەن دەل جايىغا قۇرىدىكەنسىز ، شۇڭا سىز هەر قېتىم هېچ بولمىغاندا بىرەر - يېرىم توشقان بولسىمۇ تۇتىسىز ، قۇرۇق قول قايتىپ كەلمەيسىز .

— سەن بەك ئاشۇرۇۋېتىڭ ئۇكام ،— دېدى ئابدۇكېرىم قاپقان كەمتەرلىك بىلەن ،— مېنىڭ توشقان تۇتالىشىم قاپقان قۇرۇشقا ئۇستىلىقىمدىن ئەمەس ، بەلكى خۇدانىڭ بىزگە رەهىمى كەلگەنلىكىدىن دېگىنە .

— ئابدۇكېرىم ئاكا ، سىز قانچە يېشىڭىزدىن باشلاپ قاپقان

قۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىسىز؟ — سورىدى ئالىمجان.

— ئون بەش يېشىمدىن باشلاپ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا ئۆز كەسپىدىن پەخىرلەنگەن هالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ ماڭا ئاتا مىراس كەسىپ. ئۆتكەندە ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن «ياسىن ئادىل» دېگەن قاغان ۋاقتىدا بىزدە تۆت ئات بار ئىدى. بىز ئۇ چاغلاردا مۇنداق نامرات ئەمەس ئىدۇق. ئۇ چاغلاردا بىز يېقىن ئەتراپتىكى تاغلارغا قاپقان قۇرمايتتۇق، بەلكى قارلىق تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، قوشنا شەهەرلەرنىڭ چېگرىسىغىچە بېرىپ قاپقان قۇرۇپ كېلەتتۇق. ئاتام مەن يىگىرمە ياشقا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتتى. ئاتام ئۆلۈپ ئىككىنچى يىلى مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدۇم. سادىر بىلەن قوش گىزەك هېلىمخان دەيدىغان قىزىم بار ئىدى. ئۇلار تۇغۇلغان يىلى قاراقىتانلار تاش قەلئەگە باستۇرۇپ كىرىپ، ياسىن قاغاننى ئۆلتۈردى. ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ، بۇ قاراقىتانلار بىر كۈن ئوتۇن بېجى، بىر كۈن يەر بېجى، بىر كۈن سۇ بېجى، بىر كۈن تۇتۇن بېجى تۆلەيسەن، دەپ بىزگە هەر خىل هاشار - سېلىقلارنى سېلىپ، بىزنى كەپتەرنى يۇڭدىغاندەك يۇڭداپ، شىلىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ چاغلاردا بۇلارنىڭ بىزدىن ئالىدىغان باج - سېلىقلىرى قىرىق خىلغا يېتەتتى. هازىر سەنمۇ بىلىسەن، ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدىكى نى - نى باي، كاتتىلىرىمىزمۇ تۆت، بەش يىل ئىچىدىلا سېلىق تۆلەپ نامراتلىشىپ كەتتى. شۇ قاتاردا قارا قىتانلار بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنىمۇ هەر خىل باهانە - سەۋەبلەر بىلەن تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز يىراقلارغا قاپقان قۇرغىلى بارالمايدىغان بولدۇق. كېيىن قىزىم هېلىمخان كېزىك كېسىلى بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن سادىرنىڭ ئانىسى قازا قىلىپ كەتتى...

ئابدۇكېرىم ئاكا سۆزلەپ شۇيەرگە كەلگەندە كۆڭلى بۇزۇلدى بولغاي، كۆز ياشلىرى يېپىنى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇچاق ئالدىدا ئولتۇرغان سادىرمۇ ئۈنسىز كۆز يېشى قىلدى.

— مانا شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئۈچىمىز ماۋۇ يەنلىغ ئاباگى دېگەن جاللاتنىڭ ھاشىرىغا ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز. مەن بوش ۋاقىت تاپسام ئېلا، يېراق - يېقىنلارغا بېرىپ قاپقان قۇرۇپ توشقان، كېيىك تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ گۆشى بىلەن جېنىمىزنى بېقىۋاتىمىز. تېرىلىرىنى بازاردا سېتىپ، چىراغ يېغىغا خەج قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ھېلىمۇ خۇداغا شۇكرى، ھازىر بىز دېنىمۇ بەتەر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر ساماندەك، ھەتتا بەزىلەر يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي، ئابدۇكېرىم ئاكا، مۇشۇ يەنلىغ ئاباگى دېگەن جاللاتنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغىلى بولارمۇ؟ سىزمۇ ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، يېقىندا تۆمۈرچىلەرگە قويغان «قىلىچ» سېلىقى بىر ئاتا - بالىنىڭ بېشىغا چىقىپ ئاخىرلىشىپتۇ، — دېدى ئالىمجان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ غەزەپ بىلەن، — يېزىدىن كەلگەن بىر تۆمۈرچى بىر قىلىچ ياساپ، بەگكە كۆرسەتكىلى بېرىپتۇ. ئۇ قىلىچ زالىم بەگكە ياراپتۇ - دە، قىلىچنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ، ھېلىقى تۆمۈرچى ئوردىغا بىر ئەركە ئوغلىنى باشلاپ بارغانىكەن، بەگ قىلىچنىڭ تىغىنى ئاشۇ بالىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سىناپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ. تۆمۈرچى ئۇستام، ئۇ بالا يالغۇز ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قايتا - قايتا يالۋۇرغان بولسىمۇ، بەگ پەرۋا قىلماي، ئاخىر بالىنىڭ بېلىدىن كېسىپ تاشلاپتۇ. چېرىكلەر بالىنىڭ جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. بىچارە تۆمۈرچى بولسا، غەزىپىگە پايلىماي «ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە توقۇمىغا ئۇر» دېگەندەك بالىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. ھەي، كۆرمەمسىز بۇ ناھەقچىلىقنى!

ئۇ بىچارە تۆمۈرچىگە بەكمۇ ئۇۋال بولۇپتۇ.

— هەي، ئۇ بىچارە تۆمۈرچىگە ھەقىقەتەن ئۇۋال بولۇپتۇ! — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا تۆمۈرچىگە ئېچىنىپ.

— دوستۇم ئالىمجان، سەن بۇ سۆزلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى باياتىندىن بېرى ئوچاققا ئوت قالاپ گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان سادىر ھەم ئېچىنىپ، ھەم ھەيران بولۇپ.

— بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ، — دېدى ئالىمجان.

— ھەي، مۇشۇ كۈنلەردە يەنلىغ ئاباگى دېگەن زالىمنىڭ زۇلمى كىشىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئەجەب زېدە قىلۋەتتىغۇ! — دېدى سادىر ھەسرەت بىلەن.

ئۆي ئىچىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ يەنە ئالىمجان بۇزدى:

— ناۋادا مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەر يەنلىغ ئاباگى بەگكە قارشى قوزغىلىپ چىقسا، مەن ئۇلارغا جان دەپ ئەگەشكەن بولاتتىم.

— ئالىمجان، — دېدى سادىر يەرگە قاراپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، — پۈتۈم سەللىمازا ساقايغاندا ھېلىقى كۈنى «بەگلىك يەر» ھاشىرىدا مېنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەن چوماقچى، غالچا بەگلەردىن قىساس ئالماي قويمايمەن.

— شۇ چاغدا ماڭا خەۋەر قىل، مەن ساڭا ياردەملىشىمەن، — دېدى ئالىمجان سادىرغا قاراپ، — ئاشۇ كۈنى مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئەكەلمىگەن بولسام، تۈيۈقسىز ياغقان قار ئارىلاش يامغۇردا توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدىكەنسەن. ئۇ كۈنى مەن دەريانىڭ ئايىغىدىن كۆۋرۈك ھاشىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسەم، بىر چەتتە سىڭلىڭ ھاشىخان يىغلاپ تۇرغانىكەن، نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بارسام، بىر چەتتە سەن ھوشسىز يېتىپسەن. ھاشىخان مېنى كۆرۈپلا، «ئالىمجان ئاكا، ئاكامنى

قوْتقوْزوْۋلىك ، ئوْنى بەگلەر قاتتىق ئوْروْپ ياتقوْزوْپ قويدى» دەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى . مەن ئالدىراپ توموْروْڭنى توْتسام ، تېخى توموْروْڭ سوقوْپ توْروْپتوْ . سېنى هاپاش قىلغان پېتىم ئۆيوْڭگە ئېلىپ كەلدىم .

ــ ئالىمجان ، بىز ئىككىمىز قىيامەتلىك دوست ،ــ دېدى سادىر كەسكىن قىلىپ ،ــ مەن پات ئارىدا مېنى ئوْرغان بەگلەردىن چوقوْم قىساس ئالىمەن . قېنى شوْ چاغدا ، ماڭا هەقىقى ياردەم قىلىمەن ، دېسەڭ ئەكەل قولوْڭنى ، بىز كېلىشىپ قويايلى .

ئالىمجان سەكرەپ ئورنىدىن توْروْپ ، سادىرغا قولىنى بەردى . ئوْلار بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىسىشتى . شوْ تاپتا ، ئوْلارنىڭ چىرايىدا بەگلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچ نوْرلىرى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى .

ــ هەي ، بالىلىرىم ،ــ دېدى ئابدوْكېرىم ئاكا بوْ ئىككەيلەننىڭ باللارچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئەپسوْسلىنىپ ،ــ سىلەر ئوْلارنى يوقىتىشنى شوْنچە ئاسان ، دەپ ئويلامسىلەر ؟ هاشىم بەگ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرسەكلا ئىش پوْتىدوْ ، دەپ ئويلامسىلەر ؟ ئوْنىڭ ئوْستىگە ، ئۆزوْڭلارنىڭ شەخسىي ئۆچوْڭلارنى دەپلا ئوْلاردىن ئۆچ ئالامسىلەر ؟ ــ ئابدوْكېرىم ئاكا قوللىرىنى مەھكەم قىسىشىپ ئۆرە توْرغان سادىر بىلەن ئالىمجانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى ،ــ بىر - ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا ناهەقچىلىقنى توْگەتكىلى بولمايدوْ . شوْڭا ، ئۆزىنىلا ئەمەس ، بەلكى پوْتوْن زوْلوْم چېكىۋاتقانلارنى ئويلاپ ، ئوْلار بىلەن قويۇق ئىتتىپاقلىشىپ ، زوْلوْمنىڭ توْپ يىلتىزىنى قوْروْتوْش كېرەك . شوْنداق قىلغاندىلا ئاندىن هەقىقىي ئەركىنلىك ، هۆرلوْكنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدوْ . شوْڭا ، زالىملاردىن قىساس ئېلىش ئوْچوْن ، ئالدى بىلەن بارلىق زوْلوْمغا ئوْچرىغوْچىلارنى قوزغاپ ، ئادەم توپلاش كېرەك . . .

ئابدۇكېرىم ئاكا نېمىلەرنىدۇر دەپ تۇراتتى ، تۇيۇقسىز قىزى ھاشىخاننىڭ « ئاتا ! » دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۆي ئىچىدىكى ئۇچەيلەن يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى . ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايا سۇغا چىقىپ كەتكەن ھاشىخان دۈم ياتاتتى .

4

ھاشىخان بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلدى .

ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغانىدى : سادىر ئولتۇراقلاشقان ساي مەھەللىسىگە ھاشىم دېگەن ئادەم بەگ ئىدى . «بەگلىك يەر» ھاشىرىدا باللار بىلەن سادىرنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان كىشىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ تاش قەلئەنىڭ باسقاقبېگى يەنلىغ ئاباگىنى ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئۆيىگە چايغا چاقىراتتى ، بۈگۈنمۇ ئۇ يەنلىغ ئاباگىنى ئۆيىگە چايغا چاقىرغانىدى . يەنلىغ ئاباگى ھاشىمبەگنىڭ مۇلازىملىرى كۆتۈرگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېتىپ باراتتى . ئۇ تەڭ يولغا كەلگەندە كۆلدىن سۇ ئېلىپ يانغان ھاشىخان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ . ئۇ ھاشىخاننىڭ تېگى - تېگىدىن سۈزۈك ، چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ ، نىيىتى بۇزۇلىدۇ - دە ، ئۆزىنى قوغداپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرگە ئۇنى دەرھال باسقاقبەگ مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر ھاشىخاننى قولىدىن تۇتۇپ سۆرەيدۇ ، ئەمما قىز قارشىلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى چىشلەپ ، ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ . دەل شۇ چاغدا ، ئۇزاقتىن بۇيان قىزلارنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بۇلاپ ، بەگكە تارتۇق قىلىپ ، ئىنئام ئېلىپ ئۆگىنىپ كەتكەن ھاشىمبەگ بەگدىن يەنە بىر ئىنئام ئېلىشنى ئويلايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ سادىرنىڭ «بەگلىك يەر» ھاشىرىدا ئۆزىنى ئىتتىرىۋېتىپ ، خەلقئالەم ئالدىدا ئابرويىنى

چۇشۇرگەنلىكىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، سادىردىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئۇ ھاشىخاننى يەنلىغ ئاباگىغا ئاپىرىپ بەرسەم ھەم ئىنئام ئالالايمەن، ھەم ئۆچۈمنى ئالالايمەن، دەپ ئويلايدۇ - دە:

— بەگ ئاتا، — دەيدۇ ئۇ تەختىراۋاندا ئولتۇرغان يەنلىغ ئاباگىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — بۇ يالاڭتۆش گادايىنىڭ قىزىنى باساقبەگ مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىشنى ماڭىلا قويسىلا، بۇ يەردە ھۆرمەتلىك چېرىكلەرنى ئاۋارە قىلىش ئارتۇقچە، چايدىن كېيىن بۇ قىزنى ھۇزۇرلىرىغا ئۆزۈم ئېلىپ باراي.

ھاشىمبەگنىڭ بۇ تەكلىپى يەنلىغ ئاباگىنى خۇشال قىلىۋېتىدۇ.

— ياخشى، ياخشى! — دەيدۇ يەنلىغ ئاباگى ھاشىمبەگنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، — سەن ھەقىقەتەن ماڭا يارايدۇ. سەن مۇشۇ ئىشنى ئۆزۈڭ دېگەندەك قىلىدۇ، مەن سېنى چوڭ - چوڭ تارتۇقلايدۇ ھەم يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرىدۇ.

يەنلىغ ئاباگىدىن مۇنچىلىك ياخشى گەپنى ئاڭلىغان ھاشىمبەگ خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭغا كۈچۈكلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باساقبەگ چېرىكلىرىگە ھاشىخاننى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. چېرىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان ھاشىخان ياغاچ چېلىكىگىمۇ قارىماي، خۇددى بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلغان توشقاندەك ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگرەيدۇ. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپلا «ئاتا!» دەپ ۋارقىرايدۇ، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىدۇ...

— ھەي، بۇ ياۋۇز بۆرىلەرنىڭ شۇم ئايىغى ئەمدى بىزگىمۇ يېتىپتۇ - دە، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزىپى ئۆرلەپ، — ئوغلۇم سادىر، تېز

بول ، ئاكام داۋۇت ئىمامنى چاقىرىپ كەل . ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ھاشىمبەگ دېگەن بۇ دۆيۈز بىزگە ياۋۇز چاقىچىلىنى سالغىچە ، سىڭلىڭ ھاشىخاننى بىرەر جايغا يوشۇرۇپ قويايلى .

سادىر شۇھامان داۋۇت ئىمامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

داۋۇت ئىمام ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئاكىسى بولۇپ ، ئۆيلىرىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ يېشىمۇ بىر ياشلا پەرقلىنەتتى . داۋۇت ئىمام ئوي مەھەللە جامائىتىنىڭ ئىمامى ئىدى . ئۇ ئەينى چاغدا ئالدى بىلەن تاش قەلئە مەدرىسىدە ، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ، قەشقەردىن قايتىپ كېلىپلا ئۆز مەھەللىسىدە دىنىي مەكتەپ ئېچىپ ، بالا ئوقۇتۇپ يۈرگەنىدى . ئۇ دائىم دېگۇدەك بېشىغا سەللىلىك تۇماق ، ئۇچىسىغا قىش كۈنلىرى پاختىلىق چەكمەن ، ياز كۈنلىرى ئاق ماتادىن تىكىلگەن يالاڭ تون ، پۇتىغا قىرىم مەسە ، كۆن كالاچ كىيىپ يۈرىدىغان ئېغىر ـ بېسىق ئادەم ئىدى . ئۇنى ئوي مەھەللە جامائىتىلا ئەمەس ، قوشنا مەھەللە جامائەتلىرىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى .

سادىر ئۇنى ھايال بولماي چاقىرىپ كەلدى .

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ــ دەپ ئۆيگە كىردى داۋۇت ئىمام ۋە پەگادىلا كەشنى سالدى ، ــ ھە ئۇكام ئالىمجان ، سەنمۇ بۇ يەردە ئىكەنسەن ـ دە ! ئۇكام ئابدۇكېرىم ، سادىردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم . . . ھەي ، بۇ جاللاتلارنىڭ جاجىسىنى ئاللا ئىگەم بىر كۈنى ئۆزى بېرەر !

ــ ئاكا ، ــ دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا داۋۇت ئىمام سۇپىدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ــ سىزنى قىزىمنى بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يول كۆرسىتەرمىكىن ، دەپ چاقىرىپ كەلدىم .

— ھە، بىر مەسلىھەت قىلايلى، ئامال تېپىلىپ قالار.

ئۇلار قازاندا مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن توشقان گۆشىگىمۇ قارىماي، ھاشىخاننى پالاكەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشۈپ كەتتى. داۋۇت ئىمام مۇنداق ئەقىل كۆرسەتتى:

— مېنىڭچە، قىزىم ھاشىخاننى مەن ئېلىپ كېتەي، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، قىيناغامنىڭ ئۆيى بۇ جايدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا، ئۇ خېلىلا ديانەتلىك ئادەم، قىزىم ھاشىخاننى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويساق، ئىنشائاللا، بۆرىلەرنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچ كىم بىلمىسۇن، بەگلەر كېلىپ سورىسا، ئۇ تۇغقان يوقلىغىلى يېزىغا كەتكەن، دەڭلار. لېكىن، كەتكەن جايىنى دەپ بەرمەڭلار!

بۇ تەكلىپ ھەممىگە ياقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۈگۈن كېچە ئەل ئايىغى بېسىققاندا، ھاشىخاننى داۋۇت ئىمامنىڭ قېيناغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپ كېلىشتى. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن سادىر قازاندىكى توشقان گۆشىنى سۈزۈپ ئېلىپ تۇزلىدى. ئارقىدىن ئۇلار قوللىرىنى چايقاپ، داستىخان سېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

دۇئا قىلىنىپ، داستىخان يىغىلدى، قوللار چايقىلىپ ماتا ياغلىق بىلەن سۈرتۈلدى. داۋۇت ئىمام بىلەن ئالىمجان كېتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. دەل شۇ چاغدا، ھويلىغا «ئادەم بارمۇ؟» دېگىنىچە ئۈچ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ھاشىمبەگ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سادىرنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، مۇشتلىرى تۈگۈلدى.

داۋۇت ئىمام ھاشىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى پەگادا ئولتۇردى. ئۇلارنى كۆرۈپ ھاشىخان دەرھال ھويلىغا چىقىپ كەتتى. سادىرمۇ غەزىپىنى باسالماي، ھاشىمبەگنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دېگەندەك قىلىپ

سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. ئالىمجانمۇ سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى. ئابدۇكېرىم ئاكا بولسا تاپسىدا ئۆرە تۇرۇپ كەلگەنلەرگە قول باغلاپ تۇردى.

— قېنى ئابدۇكېرىم قاپقان، سەنمۇ ئولتۇرۇۋال، — دېدى هاشىمبەگ ئابدۇكېرىم ئاكىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — بىز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

— بېگىم، ئۆزلىرىگە ئالدى بىلەن داستىخان سالاي، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا ۋە ئويۇق تەرەپكە ماڭدى.

— بولدى قوي، ئابدۇكېرىم، بىزنىڭ قورسىقىمىز توق، — دېدى هاشىمبەگ ئابدۇكېرىم ئاكىنى يەنە ئولتۇرۇشقا ئۈندەپ، — بىز هازىرلا چاي ئۈستىدىن كەلدۇق، داستىخان سالمىساڭمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ سەن بىلەن دېيىشىدىغان ناهايىتى مۇهىم بىر ئىشىمىز بار. كەل، ماياققا كېلىپ ئولتۇر.

ئابدۇكېرىم ئاكا ئاستا كېلىپ داۋۇت ئىمامنىڭ يېنىدا، سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى، داۋۇت ئىمام سەل يۇقىرىغىراق سۈرۈلدى.

— خوش، ئابدۇكېرىم قاپقان، بۈگۈن ئۆيۈڭدە بەختىمىزگە يارىشا ئاكاڭ داۋۇت ئىماممۇ بار ئىكەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئەزەلدىنلا گەپنى يورغىلىتىپ يۈرمەي ئۇدۇللا قىلىدىغان ئادەم، — دېدى هاشىمبەگ گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن بويىنىغا ئېسىلىۋالغان بەگلىك پەيزىسىنى قەستەن تۇتۇپ، قولى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ، — قەلئەيىمىزنىڭ بېگى يەنلىغ ئاباگى هەزرەتلىرى ساڭا كۈيئوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قاپتۇ. شۇنچە چوڭ مەنسەپ تۇتقان بىر باسقاقبېگىنىڭ ساڭا كۈيئوغول بولۇشى سەن ئۈچۈن بىر ئامەت، سەن بۇ بېشىڭغا كېلىپ قونغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتمەي چىڭ تۇتقىنىڭ ياخشى. بۇ سەن ئۈچۈن بايلىق توپلاشنىڭ پۇرسىتى. پېقىرمۇ باسقاقبېگىمىزنىڭ قىزىڭغا كۆزى چۈشكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ،

سىنىڭ بارلىق قەرزلىرىڭنى كۆتۈرۈۋەتكەننىڭ سىرتىدا، ساڭا باج - سېلىق ئېلىنمايدىغان ياخشى يەردىن بەش تانا بىرىشنى لايىق تاپتىم. سەن كېيىنچە يىگىرمە ياكى ئوتتۇز تۇتۇننىڭ بېگى بولۇپ قالامسەن تېخى، ھازىرچە بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. شۇڭا، سەن بېشىڭغا ئۆزى كېلىپ قونغان بۇ ئامەت قۇشىنى ھەرگىز ئۇچۇرۇۋەتمە. ناۋادا سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولغان بولسام، چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم.

— توغرا ئېيتتىلا، بېگىم، — دېدى ھاشىمبەگنىڭ ياغلىما گەپلىرىنى ئاڭلاپ، زەردىسى قايناپ تۇرغان ئابدۇكېرىم ئاكا غەزىپىنى باسالماي، — بۇ بايلىق توپلاشنىڭ ياخشى يۇرستى. لېكىن، بېگىم شۇنى بىلىپ قويسىلاكى، ئۆزلىرى بۇ ئالەمدە پۇل، مەنسەپ دەپلا ياشاپ كېلىۋاتقان بىلەن، مەن ئۆزلىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايمەن. ئۆزۈم گاداي بولساممۇ، كۆڭلۈم باي، شۇڭا مەن پۇل، مەنسەپ، ئابرويغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيمەن. ئۆزلىرىنىڭ قەرزى مەسىلىسىگە كەلسەك، سىلى ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئاۋارە بولۇپمۇ، زىيان تارتىپمۇ يۈرمىسىلە، مەن ئۆزلىرىگە بولغان قەرزىمنى ئىشلەپ ئاستا - ئاستا تۈگىتىمەن.

— ئابدۇكېرىم! — دېدى ھاشىمبەگ ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ سۆزلىرىدىن غەزەپلىنىپ، — سەن ئەقلىڭدىن ئادىشىپ قالدىڭمۇ؟ ئەسلىدە قىزىڭنى باشقىلارنىڭ قىزىغا ئوخشاش قەرزگە تۇتۇپ كەتسەكمۇ بولاتتى. بىراق، سەن بىلەن بىر مەھەللىلىك ئىكەنمىز، دەپ شۇنىڭ يۈزىنى قىلسام، سەن تېخى مېنىڭ سۆزۈمگە ياق دېمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ — ياق بېگىم، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا تەمكىنلىك بىلەن، — مەن ئەقلىمدىن ئازغىنىم يوق. مەن گېپىمنى ئويلاپ دەۋاتىمەن، مەن قىزىمنى ئۆزىمىزگە ئوخشاش ھالال ئەمگەك بىلەن جان باقىدىغان مۇسۇلمان بالىسىغا بىرىمەنكى، ھەرگىز يەنىلغ ئاباگىمدەك

ئادەملەرگە بىرەلمەيمەن .
— ئابدۇكېرىم ! — دېدى ھاشىمبەگ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەپ ، ئۇ ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ گەپ يېمەيۋاتقانلىقىدىن تىرىككەندى . شۇڭا ، ئۇنى پوپوزا قىلىپ قورقۇتۇشقا ئۇرۇندى ، — ئاكاڭ داۋۇت موللام بىلەن ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىپ ، ماقۇل ، دەپ جاۋاپ بەرسەڭ ياخشى بولارمىكىن ، بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە .
— بۇ ئىشنىڭ ئويلىشىدىغان ھېچ يېرى يوق ، — دېدى باياتىدىن بېرى غەزەپلىنىپ ، گەپ قىلىش پۇرسىتى كۈتۈپ ئولتۇرغان داۋۇت موللام ، — ئۇكام توغرا دېدى ، يەنىلا ئاباگىدەك ئادەملەرگە قىز بىرەلمەيمىز .
— ھۇ مۇتىھەملەر ! — دېدى ھاشىمبەگ ئاچچىقلىنىپ ۋە ئۆزىنىڭ بەگلىكىنى پەش قىلىشقا ئۆتتى ، — ھەر قايسىڭ ئالدىڭدا قانداق ئادەم تۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىپراق سۆز قىلىش ، بولمىسا ، ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن !
— ئوبدان دېدىلە تەقسىر ، — دېدى داۋۇت موللام تېخىمۇ زەردە بىلەن ، — بىز شۇ تاپتا ، بۇ غېرىب كەپىمىزدە قانداق ئادەمنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمىز تەقسىر ! بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا ھازىر پۇل ، مەنسەپنى دەپ ئۆزگىلەرگە قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيمايدىغان بىر ئاسىيي تۇرۇپتۇ ، تەقسىر !
— ھۇ يالاڭتۆش خاۋارىچلار ! سەنلەر ئەمدى ھەددىڭدىن ئېشىپ ، مېنى ھاقارەتلەشكۇدەك بولۇشتۇڭما ؟ ! سەنلەرنىڭ يۇرىكىڭ نېمە دېگەن يوغان ! ئۆتكەندە ئوغلۇڭ سادىر دېگەن ئۆلۈمتۈك «بەگلىك يەر» ھاشىرىدا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىپ ، پۇقرالار ئالدىدا ئىناۋىتىمنى تۆكتى ، ئەمدى ھەر قايسىڭ يۇرت ئاتىسى بولغان ھۆرمەتلىك باسقاقبېگىمىزنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتىشۋاتىسەن ، ھەر قايسىڭنىڭ

يوغانچىلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي ! ــ دېدى ھاشىمبەگ ئاچچىقلاپ ۋە ئىككى يېنىدا ئۆلتۈرغان چوماقچىلىرىغا ئەمر قىلدى ، ــ ھۇ نان قېپىلار ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەن ؟ ! بۇ ئەبلەخلەرنى باغلاش ، ھەممىنى زىندانغا تاشلايمىز !

بەگنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ چاكارلىرى دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، دائىم قوينىغا سېلىپ يۈرۈيدىغان بىر گەز ئۇزۇنلۇقتىكى چوماقلىرىنى چىقىرىپ ، ئۆيدىكىلەرنى ھەيۋە قىلىپ باغلاشقا ئۇرۇندى . دەل شۇ چاغدا ، ئۆيدە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سادىر ئېتىلىپ كىردى - دە ، داۋۇت ئىمامنى باغلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان چاكارنىڭ بېقىنىغا مۇشت بىلەن سالدى . ھاشىمبەگنىڭ يەنە بىر چاكىرى سادىرنىڭ بېشىغا بىر مۇشت ئۇرۇۋېدى ، باياتىدىن بىرى غەزىپىنى ئاران بېسىپ ئولتۇرغان ئالىمجانمۇ ئېتىلىپ كەلدى . شۇنداق قىلىپ ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مۇشتلىشىش باشلىنىپ كەتتى . ئابدۇكېرىم ئاكىمۇ ، داۋۇت ئىماممۇ قاراپ تۇرمىدى . . .

ھاشىمبەگنىڭ دادىسىنىڭ ساقىلىغا ئېسىلىپ سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن سادىر ئارقىسىدىن كېلىپ ھاشىمبەگنىڭ چاترىقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلغان بۇ زەربىدىن ھاشىمبەگ دۆگجىيىپ بېرىپ ئاران تەسلىكتە ئۆينىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىۋالدى . بىراق ، سادىر بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى . بەلكى ئېتىلىپ بارغىنىچە ئىشىككە يۆلىنىپ قالغان ھاشىمبەگنىڭ ئىككى بېقىنىغا بىر قانچە مۇشت ئۇردى ، ئارقىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە كىلىشتۇرۇپ كاللا قويدى ، شۇئان ھاشىمبەگنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى . سادىر بەگنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ تۇرۇپ :

ــ ھۇ يالاقچى ، لالما ئىت ! ــ دېدى غەزەپ بىلەن ، ــ بىلىپ قوي ، بىزنىڭ ئۆيگە سىڭلىمنى يەنلىغ ئاباگىغا دەپ ئىككىنچىلەپ كېلىدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ، ماڭ

كۆزۈمدىن يوقال ، لالما ئىت !

سادىر شۇنداق دەپلا ، ھاشىمبەگنى سۆرىگەن پېتى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ، ئىتتىرىۋەتتى . قاتتىق تاياق زەربىسىدىن بېشى قېيىپ ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىۋاتقان ھاشىمبەگنىڭ چاكارلىرىمۇ ئالىمجان ، ئابدۇكېرىم ئاكىلاردىن ئەدىپىنى يەپ ، ھويلىغا قېچىپ چىقتى ۋە ھويلىدا يېتىپ قالغان ھاشىمبەگنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ، يۆلەپ ماڭغانلىرىچە ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى .

## 5

ھاشىمبەگنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقىنىغا بۇ يىل توپتوغرا يەتتە يىل بولدى . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەم قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق بىلەلمىدى . ئۇ بۇ شەھەرگە بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە بىر يىلغىچە تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىپ يۈردى . ئۇ چاغلاردا ئۇ بېشىغا كۇلا ، ئۇچىسىغا جەندە كېيىپ ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ناھايىتى ئۆستۈرىۋەتكەن ھالدا يۈرەتتى . بەزىلەر ئۇنىڭدىن : «ھوي دېۋانە ، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە ، قاياقتىن كەلدىڭىز ؟ سىز بىزنىڭ بۇرۇنقى ياسىن قاغانىمىز ۋاقتىدىكى قاسىم يۇغرۇشقا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەنسىز» دەپ سورىسا ، ئۇ بىر ئاز تەمتىرەپ قىلىپ «ياق ، ياق ، مەن ئۇ كىشى ئەمەس ھەم ئۇنداق كىشىنى تونۇمايمەن . مەن بىر جاھانكەچتى دېۋانە بولىمەن . يېقىندا مەن بەيتۇللانى زىيارەت قىلىپ ، ھىندىستان ئارقىلىق بۇ يەرگە كەلدىم . بىراق ، ئېيتىڭا ، سىز دېگەن ھېلىقى ئادەم نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى ؟» دەپ ئۆزىدىن سوئال سورىغۇچىدىنياندۇرۇپ سوراپ قوياتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭدىن سوئال سورىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇنىڭغا : «قاسىم

يۇغرۇش دېگەن كىشى بۇرۇنقى ياسىن قاغانىمىزنىڭ يۇغرۇشى ئىدى. قاراقىتانلار قەلئەگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، قاسىم يۇغرۇش، ئوردا ئاغچىسى ۋە قاغانىمىزنىڭ ئىككى ئايلىق ئوغلى بىلەن ئىنىكئانا قاتارلىقلار يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان تاكى ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنى، ھايات بولسا، قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمەيۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇنداق جاۋابنى ئاڭلىغان ھاشىم دىۋانە: «ھە، مۇنداق دەڭ، سىز دېگەن كىشىلەر ئېھتىمال، ئاللا قاچان ئۆلگەندۇ، ئەمدى مېنىڭ سىز دېگەن قاسىم يۇغرۇشقا ئوخشاپ قېلىشىم تەڭرىنىڭ كارامىتى. دۇنيادا مانداق ئوخشاشلىقلار ناھايىتى تولا» دەپ قويۇپلا ئارقىدىن «ھەق دوست يائاللا، يامۇستاپا سەللەللا!» دەپ تىۋۋلاپ، ئوتتۇر كەلگەن كوچىلارغا كىرىپ كېتەتتى....

بىر يىلدىن كېيىن ئۇ تۇرۇپلا يوقاپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئۆچ ئايدىن كېيىن يەنە تۇيۇقسىزپەيدا بولۇپ، شەھەر ئىچىدە «ماڭا خىزىر ئۇچرىدى، ئۇ ماڭا بىر زىخچا ئالتۇن بەردى...» دەپ سۆزلەپ يۈردى. ئارقىدىن ئۇ بىر زىخچا ئالتۇننى يەنلىغ ئاباگى ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ:

— ھۆرمەتلىك بەگ ئاتا! — دېدى ئۇ يەنلىغ ئاباگىغا تەزىم قىلىپ تۇتۇپ، — ماڭا خىزىر ئۇچراپ، بىر زىخچا ئالتۇن بەرگەنىدى، بىراق مەن بۇ ئالتۇننى ئۆزلىرىگە سوۋغات قىلاي، دەپ ئېلىپ كىردىم. ئۆزلىرى مېنىڭ بۇ ئاددىي سوۋغامنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭ مۇشۇ شەھەردە ئولتۇراقلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا.

ھاشىم دىۋانە شۇنداق دەپلا، قوينىدىكى بىر زىخچا ئالتۇننى ئېلىپ بەگنىڭ ئالدىغا قويدى. ئالتۇننى كۆرگەن يەنلىغ ئاباگى خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، خۇددى كىچىك باللاردەك سەكرەپ كەتتى ۋە شۇ ھامان ھاشىمنىڭ بۇ شەھەردە

ئولتۇراقلىشىشغا رۇخسەت قىلدى ، ئارقىدىن ئۇنى ساي مەھەللىسىگە بەگ قىلىپ ، پەيزە ، تون ئىنئام قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنلىغ ئاباگى ھاشىمبەگكە توغرىسى ئۈچ چاقىرىم ، ئۇزۇنلۇقى بەش چاقىرىم كېلىدىغان بىر زېمىننى كۆرسىتىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن ھاشىم دىۋانە ھاشىمبەگ دەپ ئاتالدى . ئازغىنە بەدەل تۆلەش ھېسابىدا بەگ بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ھاشىم دىۋانىنىڭ ئېغىزى قۇلىقىغا يەتتى . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ باج ـ سېلىق يىغىشتا يۇقىرىدىن بىرنى دېسە ، بىرگە ئىككىنى قوشۇپ ، ئۈچنى يىغىپ بىر قىسمىنى ئۆز چۆنتىكىگە سالدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بېيىپ كەتتى .

ھاشىمبەگ يەنلىغ ئاباگىنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتمىدى . ھەتتا كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ قىزلىرىنى خالىغانچە قەرزگە تۇتۇپ ياكى يوشۇرۇنچە بۇلاپ كېتىپ ، بەگكە سوۋغا قىلىشتىنمۇ ئۇيالمىدى . ئۇ يەنە ھەر ئايدا ئىككى قېتىم باسقاق بەگنى ئۆيىگە چاقىرىپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى . ھاشىمبەگ ئەنە شۇنداق قىلىپ ، يەنلىغ ئاباگىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغاچقا تاش قەلئەدە ئۇنىڭ قىلغىنى قىلغان ، ئەتكىنى ئەتكەن بولۇپ كەلدى . يەنلىغ ئاباگىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن كەلگەن شىكايەتلەرگە قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى .

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاشىمبەگ تېخىمۇ رەزىللىشىپ كەتتى . ئۇ گويا باغلاقتىكى ئىتتەك يەنلىغ ئاباگى كىمگە كۇشكۇرتسە ، شۇنىڭغا يانماي ئېتىلىدىغان بولدى . بۇنىڭ بىلەن ھاشىمبەگ پۇقرالارنى زار ـ زار يىغلىتىش بەدىلىگە ئۆزى ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈردى .

ھاشىمبەگ سادىرلاردىن ئەدىبىنى يېگەندىن كېيىن چوماقچىلىرى ئۇنى باسقاقبەگ مەھكىمىسىگە ، بىر نەچچە ئەمەلدار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان يەنلىغ ئاباگى ئالدىغا ئېلىپ

كىردى . ئۇنىڭ ئىغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئاققان قان چارلاشقان ساقال - بۇرۇتلىرىنى ، تاۋار ئىمچىسىنى ، بوينىغا ئىسىۋالغان پەيزىسىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىۋەتكەن ، ئۆزىمۇ ئۆلۈكتەك بولۇپ قالغان ، كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى . پۇتلىرى جان يوقتەك ئىگىلىپ تۇراتتى . ئۇنى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان چاكارلىرى ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ بولغۇچە ، ھەتتا ئۇ بىر ئىغىزمۇ زۇۋان سۇرمەي ساڭگىلاپلا تۇردى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەن يەنلىغ ئاباگىنىڭ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىكلىشىپ ، ئالتۇن كۇرسىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە :

— ھاشىمبەگ ، سېنى ئۇلار شۇنچە ئۇردىمۇ - ھە ؟ — دېدى ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، — تېخى ئۇ يالاڭتۆشلەر ھەددىدىن ئېشىپ مېنىمۇ ھاقارەتلىدىمۇ ، شۇنداقمۇ ؟

لېكىن ، ھاشىمبەگدىن زۇۋان چىقمىدى . ئەكسىچە ئۇنىڭ بېشى ئاستا - ئاستا پەسكە چۈشۈپ كېتىپ باراتتى .

— ھاشىمبەگ ، ساڭا نېمە بولدى ، سۆزلىمەيسەنغۇ ؟ ! — دېدى يەنلىغ ئاباگى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ .

ھاشىمبەگدىن يەنىلا زۇۋان چىقمىدى . چۈنكى ، ئۇ سادىر كاللىسىنى تامغا سوقۇۋەتكەندىلا زۇۋانىدىن قالغان ، چاكارلىرى ئۇنى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ سۆرىگەندەك ئېلىپ كەلگۈچە ئىمجان بولۇپ قالغانىدى . ئاخىر ئۇنى يۆلەپ تۇرغانلار يۆلىمەي قويۇپ بېرىۋىدى ، ھاشىمبەگ دۈملا چۈشتى . يەنلىغ ئاباگى چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى . ھاشىمبەگ يەردە سۇنايلىنىپ دۈم ياتاتتى .

— يەنلىغ خاشى مىڭبېگى ، — دېدى يەنلىغ ئاباگى ئۇدۇلىدا ھاشىمبەگكە قاراپ تۇرغان مىڭبېگىگە ، — سادىر دېگەن يالاڭتۆش يېقىندىن بۇيان ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . ئۆتكەندە ئۇ «بەگلىك يەر » ھاشىرىدا تەپتارتماستىن غەليان كۆتۈرۈپ ، بەگلىرىمنى

ھاقارەتلىدى ، بۈگۈن يەنە ھاشىمبەگنى قاتتىق ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپتۇ . شۇڭا ، سەن دەرھال چېرىك ئەۋەتىپ ، سادىر ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى بىرنىمۇ قويماي تۇتقۇزۇپ كەل ! سادىرنىڭ ماڭا ئۆلۈكى ئەمەس ، تىرىكى كېرەك ، ئۇقتۇڭمۇ ! ؟

— خوپ بەگ ئاتا ، ئۇقتۇم !

يەنلىغ خاشى شۇنداق دەپلا باسقاقبەگ مەھكىمىسىدىن چىقىپ كەتتى .

6

شۇ كۈنى چېرىكلەر سادىرنىڭ ئۆيىگە نامازدىگەر بىلەن يېتىپ كەلدى . نەيزە ، قىلىچ بىلەن قوراللانغان چېرىكلەر بارغانچە بىرىپلا سادىرنىڭ ئۆيىنى مۇھاسىرىگە ئالدى . ئەمما ، بۇ چاغدا ئۆيدە ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن سادىر ئىككىيلەنلا يالغۇز ئىدى . داۋۇت ئىمام ھاشىمبەگ كەتكەندىن كېيىن ، ھاشىخاننى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە كەتكەندى . ئارقىدىنلا ئالىمجان ئىنىسى ئانىسىنىڭ كېسىلى يەنە ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن چاقىرغىلى كېلىپ ، كېتىپ قالغاندى . سادىر بىلەن ئابدۇكېرىم ئاكا چېرىكلەر كېلىشى بىلەنلا ، ئۇلارغا تېز پۇكۇپ ئالدىغا چىقمىدى . يەنلىغ خاشى مىڭبېگى ئەۋەتكەن ئونبېشى ئۇلارغا «ئۆيدىن چىقىڭلار ، بولمىسا ئۆيۈڭلارنى كۆيدۈرۈۋېتىمىز . . .» دەپ ھەيۋە قىلدى . بىراق ، سادىرلار ئۇلارنىڭ پوپوزىسىغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى . چۈنكى ، ئۇلار تۇتۇلسا ، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ زىنداندىن مېيىپ ھالدا قايتىپ چىقىشى تەبىئىي ئىدى . بۇ شەھەردە زىندانغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن مېيىپ بولۇپ قايتىپ چىقاتتى .

چېرىكلەر ئاخىر بولماي ئۆيگە ئىككى چېرىكنى كىرگۈزدى . سادىر ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ، ئۆي ئىچىگە

كىرگەن چېرىكلەرنى ئۇرۇپ ، قورالـلىرىنى تارتىۋېلىپ ، بۇرۇن - باشلىرىنى قان قىلىپ چىقىرىۋەتتى . ئۆيگە كىرگەن چېرىكلەرمۇ سادىرغا تىغ ئۇرۇشقا ئۇرۇنمىدى ، چۈنكى ئۇلارغا تىرىك تۇتۇش يارلىقى بېرىلگەنىدى . ئىككى چېرىكنىڭ ئۆي ئىچىدىن قۇرۇق قول قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ، ئونبېشى چېرىكلىرىگە ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئوت يېقىۋېتىشنى ئەمىر قىلدى . چېرىكلەر ھەش - پەش دېگۈچە قوشنا ئۆيلەردىن ئوتۇن ، سامان ئېلىپ كەلدى . بۇ چاغدا قوشنىلارمۇ ئەتراپقا يىغىلىپ كەتكەنىدى . ئونبېشى ئەمدىلا ئوت ياقاي دەپ تۇرۇشىغا ، ئۇشتۇمتۇپ سادىر بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇكېرىم ئاكا ھېلىقى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن چېرىكلەردىن تارتىۋالغان قىلىچلارنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقتى . ئۇلارنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ، چېرىكلەر ھولۇقۇپ ئارقىسىغا چېكىنىشتى . بىراق ، ئونبېشى ئارقىسىغا چېكىنگەن چېرىكلەرنى قولىدىكى نەيزە بىلەن دۇمبالاپ ، ئۇلارنى تۇتۇشقا ئەمىر قىلدى . «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك چېرىكلەر سادىر بىلەن ئاتىسىغا تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇم قىلدى . ئارىدا كەسكىن قىلىچۋازلىق باشلاندى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى چېرىك يارىدار بولدى ، بىـــر چېرىك ئۆلتۈرۈلدى . ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ بېقىنىغا بىر چېرىك نەيزە تىقىۋەتتى - دە ، ئېغىر يارىلىنىپ ئالدىغا دۈم چۈشتى .

— ئاتا !— دېدى سادىر دەرھال ئۇنى يۆلەپ .

ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ سول بېقىنىــــدىن شۇرىلداپ قان ئېقىۋاتاتتى . سادىر قولىدىكى قىلىچنى يەردە قويۇپ ، ئۈستىدىكى ماتا كۆينىكىنى يىرتىپلا ئاتىسىنىڭ بېقىنىدىكى تۆشۈككە تىقتى .

— بالام ،— دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا سادىرغا قاراپ ،— مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، سەن ئۆزۈڭنى تېز چەتكە ئال ، جاھاننىڭ قوينى كەڭ ، تېز قېچىپ كەت !

بىراق ، دەل شۇ چاغدا ئىككى چــېرىك ئېتىلىــپ كېلىپ

ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى دوملا بېسىۋالدى. سادىر ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، پۇتۇن دىققەت-ئېتىبارى ئاتىسىدا بولغاچقا، چېرىكلەرنىڭ ئېتىلىپ كەلگەنلىكىنى سېزەلمىگەنىدى. شۇڭا، خېلى تېپىرلاپمۇ ئامال قىلالمىدى ۋە چېرىكلەر سادىرنىڭ قولىنى قايرىپ باغلىدى.

*　　*　　*

سادىر بىلەن دادىسى كۆپ سوئال - سوراقلاردىن كېيىن چۇسا - بۇرگىلەر بىلەن تولغان يەر ئاستى قىيىسىغقا تاشلاندى. ئەمما، ئۇلار سىڭلىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھەرگىز دەپ بەرمىدى. داۋۇت موللام تۇتۇپ كېلىنىپ، قاتتىق سوراق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ھاشىخاننى كۆرمىدىم، دەپلا تۇرۇۋېلىپ ئاخىر قۇتۇلدى. چېرىكلەر ئالىمجاننى ئىزلەپ تاپالمىدى. چۈنكى، ئالىمجان سادىرنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنىلا ئۆيدىكىلىرى بىلەن تاغ ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى.

سادىرلارنىڭ يەر ئاستى قىيىسىغدا ياتقانلىقىغا مانا بۈگۈن بەش كۈن بولدى. بۇ بەش كۈن جەريانىدا ئۇلارغا يەيدىغانغا ئۇماچتىن باشقا نەرسە بېرىلمىدى. خۇددى گۆرىستانغا ئوخشايدىغان بۇ يەر ئاستى قىيىسىغدا ئابدۇكېرىم ئاكا بىر تەرەپتىن قورساق ئاچلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن بېقىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىشى تۈپەيلىدىن كېچە - كۈندۈز ئىڭراپ زادىلا ياتالمايۋاتاتتى. نەيزە ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىمۇ زەخىملەندۇرگەنىدى. سادىر ئاتىسىنىڭ نالىسىگە چىدىماي زىندان ئىشىكلىرىنى قاتتىق مۇشتلاپ، تېپىپ، ۋارقىراپ باقتى. بىراق، ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى. ئاخىر ئابدۇكېرىم ئاكا بولالماي قالدى:

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ مىسكىن ئاۋازدا كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، — مەن بولالماي قالدىم ، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن .

— ياق ئاتا ، ئۇنداق دېمەڭ ، — دېدى سادىر ئېچىنىشلىق ئاۋازدا كۆزلىرىدىن مۆڭ - مۆڭ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، — گۈلۈم ئاتا ، يۈرەك پارەم ئاتا ، خۇدايىم كېسىلىڭىزگە شىپالىق بېرەر ، ئۇنداق دېمەڭ !

— ياق ئوغلۇم ، بېقىنىمنىڭ ئاغرىقى بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى ، مەن زادىلا بولالمايۋاتىمەن ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا ھەسرەت بىلەن ، — ئوغلۇم ، يېقىن كەل ، مەن ساڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر سىرنى ئېيتماقچىمەن . ئەمدى بۇ سىرنى ئۇ دۇنياغا ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسەم ، تاڭلا مەھشەرگاھ كۈنى خۇدا قازى بولغان چاغدا مەن جازاغا ئۇچراپ كېتىشىم مۇمكىن . شۇڭا ، مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال بۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي ، سەن دىققەت قىلىپ ئاڭلا .

— ماقۇل ئاتا ، — دېدى سادىر ئاتىسىنى يۆلەپ ، مۆڭ - مۆڭ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، — قېنى سۆزلەڭ ، قۇلىقىم سىزدە .

— ئوغلۇم سادىر ، ئەسلى سەن مېنىڭ ئۆز ئوغلۇم ئەمەس ! . . .

— ئاتا ! جېنىم ئاتا ! — دېدى بۇ دەھشەتلىك سۆزنى ئاڭلىغان سادىر ھۆركىرەپ يىغلاپ ، — ئاتا ، جېنىم ئاتا ، سىز جۆيلۈۋاتامسىز ؟ كاللىڭىز جايىدىمۇ ؟

— ئوغلۇم ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — ئوغلۇم ، مېنىڭ كاللام جايىدا ، سەن سۆزۈمنى بۆلمەي ئاڭلا ! مەن سېنى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن قوشنا شەھەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر توغراقنىڭ كامىرىدىن تېپىۋالغانىدىم .

— ياق ، ئاتا ئۇنداق دېمەڭ ! بۇ مۇمكىن ئەمەس ! — دېدى سادىر يەنە ئاتىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — ئاتا ، سىز راستىنلا ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالغان ئوخشىمامسىز ؟

— ياق ، ئوغلۇم ! — دېدى ئابدۇكېرىم ئاكا يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇ مېنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ساڭا دەيدىغان بىردىنبىر راست گېپىم ! ئەمدى سەن گېپىمنى بۆلمەي ، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ! ئوھۇ . . . ، ئوھۇ ! . . . — ئابدۇكېرىم ئاكا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى . سادىر ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك ئۆزىگە يۆلەپ ئۇستۇن ئولتۇرغۇزدى . يۆتەلدىن كېيىن ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بالام سادىر ، بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن ، بىر كۈنى ئاتلىق تاغ ئارىسىغا قۇرغان قاپقانلارنى يوقلاپ بارغانىدىم ، ئۇ يەردىن مەن شامغا يېقىن قايتتىم ، يولدا كېتىۋېتىپ ئېزىپ كېتىپ ئورمانلىققا كىرىپ قالدىم . بىر چىغىر يولنى بويلاپ بىردەم ماڭغىنىمدىن كېيىن ، ئوڭ تەرىپىمدىن بىر كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۆرۈلۈپ قارىسام ، مەندىن ئون قەدەم يىراقلىقتىكى بىر توغراقنىڭ كامېرىدا بىر كىچىك بالا يىغلاپ ياتقانىكەن . ئۇنى كۆرۈپ جىنغا ئۇچرىغان ئوخشايمەن ، دەپ قاتتىق قورقۇپ كەتتىم ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بىلىدىغان ھەممە سۈرىنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا سۈف دېدىم . بىراق ، ئۇ بالا يوقالمىدى ، «ئايەتەلكۇرسى» نى ئون ، يىگىرمە قېتىم ئوقۇدۇم ، لېكىن ئۇ بالا يەنىلا يوقالمىدى . چۈنكى ، ئاپام ماڭا « ‹ئايەتەلكۇرسى › نى ئوقۇسا ، جىنغا ئوت كېتىپ يوقاپ كېتىدۇ » دېگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئاتمۇ جىننى كۆرسە ئۈركۈيدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . بىراق ، ئۇ كۈنى ئېتىممۇ ئۈركىمىدى . شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۇ بالىنى تاشلاپ كەتكۈم كەلمىدى . ئاخىر نىمە كۆرسەم كۆرەي ، دەپ ئاتتىن چۈشۈپ ، بىر توغراققا باغلاپ قويۇپ ، بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ بالىنى توغراق كامېرىدىن

ئالدىم . ئۇ بالا تېخى ئاران ئىككى - ئۈچ ئايلىق بولغان ئوغۇل بالا ئىكەن ، بالىنىڭ ئىككى قولى يۆگەكتىن چىقىرىپ قويۇلغانىكەن . شۇنداق قىلىپ ، ئاخىر بالىنى ئېلىپ ، ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتىم .

باش توخۇ چىللىغان چاغدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . شۇ كۈنلەردە ئاناڭ ھامىلىدار ئىدى . شۇ كېچىسى ئۇ قوشنىلارنىمۇ چاقىرماي ، ئانامنىڭ ھەمراھلىقىدا يەڭگىپ تۇرۇپتىكەن ، تۇغۇلغىنى قىز ئىدى . دەل شۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھېلىقى كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ كىردىم . ئانام ھاڭتاڭ بولۇپ قاراپلا قالدى . مەن ئەينى ئەھۋالنى ئانامغا ئېيتتىم ھەم ئۇ بالىنى بېقىۋېلىشنى ، كىشىلەرگە ئاناڭنى قوش كېزەك تۇغدى ، دېيىشنى ئېيتتىم . ئانام ماقۇل دېدى ۋە ئاناڭغا ئەھۋالنى دېۋىدى ، ئاناڭمۇ خۇشال بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ بالىنىمۇ ئوبدان زاكىداپ ، بىر ياندا ياتقۇزدۇق ھەم بۇ سىرنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشقا كېلىشتۇق . ئەتىسى قوشنىلارغا ئاناڭنى قوش كېزەك تۇغدى ، بىرسى ئوغۇل ، بىرسى قىز دەپ ئېلان قىلدۇق . خۇداغا شۈكرى ، بىزنىڭ بۇ گېپىمىزدىن ھېچكىم گۇمانلانمىدى .

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ئانام قازا قىلىپ كەتتى . سەن بىلەن بىرگە چوڭ بولغان قىزىم ئىككى ياشقا كىرگەندە چېچەك كېسىلى بىلەن قازا قىلىپ كەتتى . كېيىن ھازىرقى قىزىم ھاشىخان تۇغۇلدى . مەن توغراق كامىرىدىن تېپىۋالغان بالا سەن ئىدىڭ ، ئەمما مەن سېنىڭ ئاتاڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تاكى ھازىرغىچە بىلەلمىدىم . ئوھو . . . ئوھو . . . ئوھو ! . . .

ئابدۇكېرىم ئاكا ئۇشتۇمتۇت يەنە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى . بىر پەس يۆتەلگەندىن كېيىن ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى . شۇنىڭ بىلەن سادىر كالتەك زەربىسىدىن تىتىلىپ كەتكەن ماتا كۆينىكىنىڭ بىر يېڭىنى يىرتىپ ، دادىسىنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى ئېرتتى . ئابدۇكېرىم قاپقان بولسا ، ئاستا بىر

تەرەپكە قىيسايدى .

— ئاتا ، ئاتا ! نېمە بولدىڭىز ؟ ! — دەپ چاقىردى سادىر بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كېتىۋاتقان دادىسىنى يۆلەپ تۇرۇپ ، — ئاتا ، ئاتا ! گۈلۈم ئاتا ! ماڭا قارىڭا ، نېمە بولدىڭىز ؟ . . .

7

بۈگۈن جۈمە ئىدى . باسقاقبەگ مەھكىمىسى ئالدىدىكى بازارغا بارىدىغان چوڭ - كىچىك كوچىلار سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى . بەزىلەر ئات ، قېچىر ، ئېشەكلەرگە مىنىۋالغان ، باي - بايۋەتچىلەر مەپىلەرگە ئولتۇرۇشقانىدى . ئوتۇن - سامان بېسىلغان يار - يار هارۋىلارمۇ كۆپ ئۇچرايتتى . پىيادە كېتىۋاتقانلار ئاساسەن نامراتلار ئىدى . دوقمۇش - دوقمۇشلاردا تىلەمچىلەر مۆڭلۈق قوشاقلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ ، سەدىقە تىلەپ ئولتۇرۇشاتتى .

هەش - پەش دېگۈچە شەهەر مەركىزي بولغان چوڭ كوچا ئادەملەر بىلەن لىق تولدى . كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغان ئاشپەز ، ناۋايلار ، هۈنەرۋەنلەر ، يايمىچىلارنىڭ خېرىدار توۋلاپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى بازار ئىچىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى . بىراق ، كۈن چاشكا ۋاقتى بولغان چاغدا ، ئۇشتۇمتۇت باسقاقبەگ مەھكىمىسى تەرەپتىن ئاڭلانغان جاكارچىنىڭ ئاۋازى هەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى .

— ئەييۇهەنناس ! — دېدى جاكارچى گاهى توۋلاپ ، گاهى قولىدىكى مىس تاۋاقنى كىچىك بولقا بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ ، — ئاڭلىمىدىم - ئىشىتمىدىم دېمەڭلا ئامۇخاس ! يەنىلىغ ئاباگىبەگنىڭ يارلىقى ! ساي مەهەللىدىكى ئابدۇكېرىم قاپقاننىڭ

ئوغلى سادىر بىر چىرىكنى ياربدار قىلىپ ، بىر چىرىكنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ ، باسقاقبەگ مەھكىمىسىگە قارشى غەليان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن كورخاننىڭ① ئەمرىگە بىنائەن توسۇن ئاتقا سۆرۈتۈلۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . يۇقىرالار بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر - پەرمانلارغا قەتئىي بويسۇنۇپ ، خاتىرجەم ئۆز ئوقەتلىرىنى قىلسۇن ! ناۋادا كىمكى ، بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىكەن ، ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى غەليانچىلارغا ھامىي بولغان ، دەپ قارىلىنىپ ، بىر ئۆمۈر ئېغىر ئەمگەك بىلەن جازالىنىدۇ .

جاكارچى شۇنداق توۋلاپ ماڭغىنىچە كوچىلاردىن بىرىگە كىرىپ كەتتى . ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ، باسقاقبەگ مەھكىمىسى تەرەپتىن قىيا - چىيا ئاڭلاندى . كىشىلەر باسقاقبەگ مەھكىمىسى تەرەپكە قاراشتى . ئۇ تەرەپتىن بىر توسۇن ئات كىشىلەر توپىنى يېرىپ ، چېپىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ شۇنچىلىك تېز چاپماقتا ئىدىكى ، كوچىدا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنى سوقۇپ يىقىتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . شۇڭا ، كىشىلەر ھۈركۈپ قېچىشىپ ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قىستىلىشىۋالغانىدى . ئاتقا نوختىمۇ سېلىنمىغانىدى ، ئۇنىڭ بوينىغا پەقەت بىر تاغار چېگىلگەن بولۇپ ، ئىككى تال قىل تۇشۇك ئارقىلىق سادىرنىڭ ئىككى قولى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىنىپ سۆرىتىپ قويۇلغانىدى . ئۇنىڭ ماتا كىيىم - كېچەكلىرى تىلىم - تىلىم يىرتىلغانىدى . ئۇ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئارقىسىدا گاھ دۈم ، گاھ ئوڭدا بولۇپ سۆرۈلۈپ كېتىپ باراتتى . ئات شۇنداق تېز چېپىپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا - ئادەملەر لىق توپلانغان جايغا بارغاندا سادىر

---

① كورخان - خانلارنىڭ خانى دېگەنلىكتۇر ، يەنلىغ تاشىن شۇنداق دېيىلەتتى .

ئۇشتۇمتۇت :

— ئەي ئەزىز قېرىنداشلىرىم ! — دېدى سوّرولۇپ ماڭغىنىچە ۋارقىراپ ، — بۇ زالىملارنىڭ زۇلمى ئەمدى يۈرەككە يەتتى . بۇگۈن ماڭا نوّۋەت كەلسە ، ئەته سىلەرگە كېلىدۇ . مۇنداق دېسەم ، بەزىلەر «بەگلەرگە قارشى تۇرغۇچە ، كوّتۇڭنى قىسىپ ، جېنىڭنى ساقلىساڭ بولمامدۇ» دېيىشى مۇمكىن ، يەنە بەزىلەر «بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا دەپ ، بۇنىڭ كاساپىتى ئەمدى بىزگىمۇ بولىدىغان بولدى» دېيىشى مۇمكىن . بىراق ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق ، بۇ زالىملار مەيلى خۇشامەت قىلىڭ ، مەيلى قارشى تۇرۇڭ ، نوّۋىتى كەلگەندە ھېچقايسىمىزنى ئاياپ قالمايدۇ . ئابدۇسەمى تىلماچ نېمە گۇناھ بىلەن ئوّلتۇرۇلدى ؟ ئۇنىڭ قىزى مەريەمچۇ ؟ ! ئابدۇسەمى تىلماچ بىر ئوّمۇر يەنلىغ ئاباگىغا تىلماچلىق قىلمىغانمىدى ؟ ئۇ قىزى مەريەمگە چېرىكلەر باسقۇنچىلىق قىلغاندا ، يەنلىغ ئاباگىغا بىر - ئىككى ئېغىز قاتتىق سوّز قىلغانلىقى ئۇچۇنلا كالتەكلەپ ئوّلتۇرۇلدى . قېرىنداشلار ، ھەممىڭلار قوزغىلىپ ، ئەزىز تۇپرىقىڭلاردىن قاراقتانلارنى قوغلاپ چىقىرىڭلار !

سادىرنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ توسۇن ئات تېخىمۇ ئۈركۈپ قاچتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر توپ قورallıق چېرىكلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنى يەنلىغ ئاباگى «سادىرنى پۈقرالار قۇتقۇزۇۋالمىسۇن ، توسۇن ئات شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتكۈچە قوغداپ مېڭىڭلار» دەپ ئەۋەتكەنىدى . شۇڭا ، ھېچكىم سادىرنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئەمما ، چېرىكلەر ئوّتۇپ كەتكەندىن كېيىن ، كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى .

— ھوي ، بۇ قانداق جاھان بولۇپ كەتتى ؟ ! — دېدى بىر دېھقان ، — ئادەملەرنى بىر كۈنى سېلىق بەرمىدىڭ ، دەپ ئۇرسا ، يەنە بىر كۈنى ھاشارغا بارمىدىڭ ، دەپ قىيىغلارغا

سولىسا ، توۋا قىلدىم خۇدايىم ، بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى ؟ !

— شۇنى دېمەمسىز ، ئاۋۇ سادىرنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن راست ! — دېدى بىر مويسىپىت ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ ، ھەسرەت بىلەن ، — بۇنداق جازا بۇگۇن ئۇنىڭغا كەلسە ، ئەتە بىزگىمۇ كېلىدۇ . ئاڭلىساق ، ھاشىمبەگ ئۇنىڭ سىڭلىسىنى يەنلىغ ئاباگىغا تارتۇق قىلىمەن ، دەپ ماجرا چىقىرىپ ، ئاخىر ئۇلارنى باسقاقبەگكە تۇتۇپ بېرىپتۇ ! ئۇنىڭ ئاتىسىنى چېرىكلەر قىيىسىغدا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ، ئەمدى بولسا ، سادىرنى ئاتقا سۆرىتىپتۇ . بۇ نېمە دېگەن جەبىر — زۇلۇم ؟ ھەي ، «ئارمانغا چۇشلۇق ، دەرمان يوق» دېگەن شۇ - دە !

— ئاۋۇ سادىر دېگەن بالا ھەقىقەتەن ۋىجدانلىق ، چۇس يىگىت ئىدى ، — دېدى يەنە بىر كىشى ، — ئۇ بىچارىگە ئۇۋال بولىدىغان بولدى . ھەي ، قارىمامسىلەر ، بۇ پەلەكنىڭ تەتۇرلىكىنى !

— مۇنچىۋالا ئۇمىدسىزلىنىپ كەتمەڭلار ، — دېدى يەنە بىر مويسىپىت ، — ئۇمىد بىلەن ياشاڭلار ! چۇنكى «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا ، ئون بەشى يورۇق» دەيدىغان گەپ بار .

كىشىلەر شۇنداق غۇلغۇلا قىلىشىپ سادىرغا ئىچ ئاغرىتىشقان ، يەنلىغ ئاباگىغا لەنەت ياغدۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ھېچكىم شەھەر سىرتىغا چىقىپ ، ئۇ يەردە نېمە ئىش سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى .

# ئۈچىنچى باب

## 1

يىراقتا ئۈستىگە ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەن تەڭرىتاغلىرى قۇياش نۇرىدا گويا ئالماستەك چاقناپ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قاپتال، جىرالىرىدىكى ياپيېشىل قارىغايلار، ياۋا مېۋىلىك دەل - دەرەخلەر، ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈل - گىياھلىق يايلاقلار تەڭرىتېغىغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇراتتى... ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق بولغان كاككۇك، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايرىشاتتى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي ئېتىكىمۇ بىر چاقىرىم ئارىلىقچە بۇك-باراقسان ئىدى. لېكىن، بۇ يېشىللىق ئارىسىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر كۆيۇك تاغ بار ئىدى. ئۇنىڭ شىمال تەرىپى ئاستا - ئاستا پەسلەپ، تاش قەلئە دەرياسىغا بېرىپ تۇتىشاتتى. كۆيۇك تاغنىڭ غەربىي باغرىدىكى بۇك - باراقسان قارىغايلىق ئارىسىدا شۇ تاپتا ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئىس ئۆرلەپ تۇرغان جايدا ئىككى ئورۇنغا كونا كىگىزلەردىن چېدىر تىكىلگەن، ئىككى چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەرنى كولاپلا بىر ئۇچ پۇتلۇق داڭقان ئېسىلغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا گۆش پىشۋاتاتتى. كىيىك گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى كىشىنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچاتتى. داڭقاندىن بەش قەدەم يىراقلىقتىكى بىر تۈپ چوڭ قارىغاينىڭ تۈۋىگە سېلىنغان يولۋاس ۋە كىيىك تېرىلىرى ئۈستىدە باشلىرىغا ئاق ماتادىن ياغلىق چىگىۋالغان، ئۈستىگە سەرگەزدىن چوكانچە

ياقا قىلىپ ئۈزۈن كۆينەك، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئەيلەنگەن جەرەن تېرىسىدىن پىنجەك، پۇتلىرىغا كۆندىن چەم ئۆتۈك كىيگەن، سوغۇق ۋە مۇشەققەت ئازابىدىن يۈز-كۆزلىرى يېرىلىپ قارىداپ كەتكەن، بىرسى قىرىق، يەنە بىرسى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئىككى ئايال خام ماتادىن كۆينەك تىكىپ ئولتۇراتتى.

— شازادىخان ئاچا، — دېدى ئەمدىلا قىرىق ياشلارغا كىرگەن ئايال سول تەرەپتىكى ئايالغا قاراپ، — قارىسىلا مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟! بۇ ياۋۇزلارنىڭ زۇلمىدىن بىزگە جان ساقلىماقمۇ تەس بولدى. ئەرلىرىمىزنىڭ تاپقان - تەرگىنى كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزغا يېتىشمەيۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ياشاۋېرىدىغان بولساق، ئاچلىقتىن، ياكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ناھەق ئۆلىدىغان ئوخشايمىز!

— شۇنداق، سىڭلىم مايسىخان، — دېدى شازادىخانمۇ يىڭنە ئىش قىلغاچ خورسىنىپ قويۇپ، — بۇرۇن ياسىن قاغان دېگەن ئادەم يۇرتنى بەكمۇ ئادىللىق بىلەن باشقۇرغانىدى. ئۇ چاغلاردا ھېچكىم قەلئە ئىچىدىن سىرتقا قاچمايتتى. ئەمدىچۇ؟! بىز بۇ قاراقىتانلارنىڭ قولىغا قېلىپ، ئەجەب خارلانغىلى تۇردۇق. ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن يۇرت - ماكانلىرىمىزنى تاشلاپ باشقا شەھەرلەرگە، تاغ ئارىلىرىغا قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. ھازىر مۇنداق قېچىپ چىققان يالغۇز بىزلا ئەمەس، ئاڭلىسام بۇ تاغ ئارىسىدا نۇرغۇن ئادەملەر بارمىش.

— ھەي، شازادىخان ئاچا، — دېدى مايسىخانمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — خۇدا بىزنىڭ پېشانىمىزغا ئەمدى مۇشۇنداق ئوغرى مۇشۈكتەك قېچىپ يۈرۈپ ياشاشنى پۈتكەنمىدۇ ياكى بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟ ھەي، يەنە ياسىن قاغاندەك بىر ئادىل كىشى ئارىمىزدىن چىقىپ، بىزنى بۇ قاراقىتانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزسا نېمە دېگەن ياخشى - ي بولاتتى — ھە؟!...

مايسىخان يەنە نېمىلەرنىدۇر دەي دەپ تۇرۇشىغا پاژ - پۇژ قىلغان ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى . ئوت كۈچلۈك كەتكەچكە داڭقان بەكرەك قايناپ تېشىپ كەتكەنىدى . مايسىخان يىڭنە ئىشىنى قويۇپ ، داڭقاننىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئوتتىن بىر - ئىككى تال ئېلىۋەتتى . ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ :

— شازادىخان ئاچا ، — دېدى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ ، — بۈگۈن ئەرلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاپ كەتتىمۇ ، قانداق؟ ھازىرغىچە كەلمەيدىغۇ ، ئۇلار كۈندە بۇ كەمگىچە كېلىپ بولاتتى ، بۈگۈن ئۇلارغا نېمە ئىش بولغاندۇ؟

— شۇنى دېمەمسىز ، سىڭلىم ، — دېدى شازادىخانمۇ مايسىخانغا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ ، — مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بىر ئاز ئۆيۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، خۇدايىم ئۇلارنى بالا - قازادىن ساقلىغاي !

ئۇلارنىڭ پارىڭى تۈيۈقسىز تۆۋەن تەرەپتىن ئاڭلانغان ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى بىلەن ئۈزۈلدى . شازادىخان بىلەن مايسىخان دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، ئەنسىزلىك بىلەن شۇ تەرەپكە قاراشتى . بىراق ، ھەممە ياق بۇك - باراقسان قارىغايلىق بولغاچقا ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى ، شۇنداقلا قارىغايلىق ئارىسىدىن چىقىشتىنمۇ ئەنسىرىدى .

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىككى ئاتلىق يېتىپ كەلدى ، ئۇلارنىڭ بىرسى بىر كىشىنى ئات ئالدىغا ئېلىپ تۇغرىسىغا ياتقۇزۇۋالغانىدى . ئاتلىقلارنىڭ ياش قورامى بىر-بىرىدىن ئون ياشتەك پەرقلىنەتتى ، ئۇلار باشلىرىغا كىرلىشىپ كەتكەن ئاق تۇماق ، ئۇستىگە ئەيلەنگەن تۇلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە چاپان ، شالۋۇر ئىشتان كىيىشكەن ، پۇتلىرىغا چورۇق تارتىۋېلىشقانىدى . ئاق كىرگەن چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ گىرەلىشىپ كەتكەن ، مۇرىلىرىگە ئوقيا ، يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان ئاتلىقلارنىڭ بىرسى ئارقىسىغا تۆت توشقان ، يەنە بىرسى ئىككى

جەرەننى غانجۇغىلىۋالغانىدى .

شازادىخان بىلەن مايسىخان چىرايلىرى ئۆڭگەن ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىشتى . يېشى چوڭراق كىشى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ئاتلىقنىڭ ئالدىدا توغرا ياتقۇزۇلغان ئادەمنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئالدى . بۇ ئادەم ھوشسىز بولۇپ ، كۆتۈرسە ئۆلۈككە ئوخشاش ساڭگىلاپ گىلدىڭلاپ تۇراتتى .

— ھوي ، شازادىخان ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر ؟ — دېدى يېشى چوڭراق كىشى ھوشسىز كىشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ، — ئاتنىڭ بېشىنى مايسىخانغا بېرىپ ، دەرھال ئورۇن جايلاڭلار !

شازادىخان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى مايسىخانغا تۇتقۇزۇپ سول تەرەپتىكى چېدىرغا كىرىپ كەتتى . مايسىخان ئاتلارنى چېدىردىن ئون قەدەم يىراقلىقتا ئېلىپ بېرىپ ، ئىككى تۇپ قارىغايغا ئايرىم - ئايرىم قاڭتىرىپ باغلاپ قويدى .

ئىككى ئەر ھوشسىز ئادەمنى بىرسى بەلدىن ، يەنە بىرسى پۇتتىن كۆتۈرۈپ ، سول تەرەپتىكى چېدىرغا ئېلىپ كىرىپ ، شازادىخان ھازىرلىغان ئورۇنغا ياتقۇزدى . ھوشسىز ئادەمنىڭ يۈزلىرىدە قىپقىزىل قانلار قېتىپ قالغان بولۇپ ، ئادەم سىياقىنى يوقاتقانىدى ، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ تىتىلىپ كەتكەنىدى ، بەدىنىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان جايلىرىدىمۇ قان داغلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ھۆرمەتلىك كىتابخان ، شۇ تاپتا ، سىز بۇ ھوشسىز ياتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بولدىڭىزغۇ ، دەيمەن ؟ توغرا ، ئۇ كىشى سىز پەرەز قىلغاندەك تونۇش كىشى ، يەنىلا ئاباگى ئاتقا سۆرەتكەن سادىر ئىدى . ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغانىدى :

سەھەردە ئوۋ ئوۋلىغىلى ماڭغان ئىككى ئوۋچى قارلىق تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى قارىغايلىق ئارىسىدا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ، بىر قانچە توشقان ۋە جەرەن ئوۋلىدى . ئاخىر ئۇلارغا

بىر تۈلكە ئۇچراپ قالدى . ئوۋچىلار تۈلكىنى قوغلىغۇندى ، تۈلكە ئۇشتۇمتۇت مەھەللە تەرەپتىكى غىل سايغا قاراپ قاچتى . ئوۋچىلار ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلىدى . بىراق ، ئۇلار غىل سايغا ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا تۇيۇقسىز مەھەللە تەرەپتىن ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنى كۆرۈپ قالدى . ئاتنىڭ كەينىدە قويۇق توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . ئوۋچىلار تۈلكە قوغلاشنى ئۇنتۇپ ، ئوقتەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتقا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . ئات ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇلاردىن ھۈركۈپ جەنۇب تەرەپكە قاچتى . ئىككى ئوۋچى ئاتقا بىر ئادەمنىڭ سۆرۈتۈپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ، توسۇن ئاتنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى . سەمرىپ دوغۇي بولۇپ كەتكەن سېمىز ئاتلار ھەش - پەش دېگۈچە تولا چېپىپ ھاردۇق يەتكەن توسۇن ئاتقا يېتىشىۋالدى ۋە ياشراق ئوۋچى قىلىچىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ، توسۇن ئاتنى يانداپ بېرىپ ، سادىرنى سۆرۈتۈپ قويغان قىل ئارقاننى شارتتىدە كېسىۋەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەن يېشى چوڭراق ئوۋچى چاقماق تېزلىكىدە ئاتتىن چۈشۈپ ، سادىرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆردى . سادىرنىڭ بېشى ، يۈزى ۋە پۈتۈن بەدەنلىرى تاش - چالمىلارغا ئۇرۇلۇپ قانىغان ، يېرىلغان ، كىيىملىرى تىتما - كاتاڭ بولۇپ كەتكەنىدى .

سادىرنى سۆرۈتۈپ قويغان قىل توشۇكىنى كەسكەن ئوۋچى قىزىپ كەتكەن ئېتىنى مىڭ تەستە ئايلاندۇرۇپ قايتۇرۇپ كەلدى - دە ، ئاتتىن چۈشتى .

— ئاكا ، — دېدى ئۇ سادىرنىڭ يۈرىكىگە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشاۋاتقان ئاكىسىغا قاراپ ، — تىرىكمىكەن ؟

— ھەئە ئۇكام ، — دېدى يېشى چوڭراق ئوۋچى ، — بۇ بىچارە تېخى تىرىك ئىكەن ، بىراق ھوشىدىن كەتكىلى خېلى بولغان ئوخشايدۇ . ئۇكام ، تېز بول ، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ بارايلى !

ئۇلار سادىرنى ياش ئوۋچىنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى...

2

سادىرنىڭ يۈز - كۆزلىرى، بەدەنلىرى يېرىلىپ، قانغا مىلىنىپ كەتكەن بىلەن، ئۇستىخانلىرى سۇنمىغانىدى. ئۇ نامازدىگەرگە يېقىن ھوشىغا كەلدى. ئوۋچىلار ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن ئاتقا سۆرۈتۈلگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ بولغان ئەھۋالنى، ھەتتا كەچۈرمىشلىرىنىمۇ قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. لېكىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا «مەن سېنى توغراق كامىرىدىن تېپىۋالغان» دېگىنىنى نېمىشقىدۇر سۆزلىمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتقاندا:

— ھوي ئۇكام، — دېدى ئوۋچىلارنىڭ چوڭى سادىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىز ئوي مەھەللىدىكى داۋۇت ئىمامنىڭ ئىنىسى ئابدۇكېرىم قاپقاننىڭ ئوغلى بولامسىز؟!

— ھەئە.

— مەرھۇم ئاتىڭىز جىگەرلىك، ئوبدان ئادەم ئىدى، — دېدى يېشى چوڭراق ئوۋچى ھەسرەت بىلەن سۆزىنى - - - ى داۋاملاشتۇرۇپ، — يەنىلىغ ئاباگى دېگەن دۆيۈز ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپتۇ. لەنىتى يەنىلىغ ئاباگى كۆپ كىشىلەرنى شۇنداق بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋەتتى، خۇدا بىر كۈنى ئۇنىڭمۇ جاجىسىنى بېرەر!

سادىر ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق سۆزلىرىنى ئويلاپ تېخىمۇ ھەسرەت بىلەن ياش تۆكتى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن سورىدى:

— ھۆرمەتلىك ئاكىلار، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ سىلەر بۇ تاغ ئارىسىدا نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— بىز ئىككىمىز بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكا، — دېدى يېشى

چوڭراق ئوۋچى ،ــــ مېنىڭ ئىسمىم ھاپىز ، ئىنىمنىڭ ئىسمى زايىت . بىزمۇ تاش قەلئەدىن بولىمىز ، بىز ئەسلى ياسىــــن قاغاننىڭ ئات باقارلىرى ئىدۇق . بۇ كەسىپ بىزگە ئاتىمىزدىن مىراس قالغانىدى . قاراقىتانلارنىڭ باستۇرۇپ كېلىپ ، يەنلىغ ئاباگى تاش قەلئەگە باسقاق بېگى بولغاندىن كېيىن ، بىــــز باسقاقبەگ مەھكىمىسىدە يەنە ئات باقار بولۇپ يۈردۇق . مېنىڭ دۇنيالىقتا رۇقىيەم دەيدىغان بىرلا قىزىم بار ئىدى ، رۇقىيەمنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن يېزىدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىــڭ بالىسىغا ياتلىق قىلغانىدۇق . ئۆتكەن يىلى كۈزدە رۇقىيەم ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ، ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپتۇ ، شامغا يېقىن قەلئە دەرۋازىسىغا يېتىپ كەپتۇ . ئۇ چاغدا دەرۋازىۋەن چېرىكلەر دەرۋازىنى تاقاۋاتقانىكەن ، ئۇلار بۇ ناتونۇش قىزنــــى كۆرۈپ دەرۋازىنى ئېچىپلا ئۇنى سۆرەپ قاراۋۇلخانىغا ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ . رۇقىيەم رەھمەتلىك قاتتىق ۋارقىراپ نالە قىلىپ ، چېرىكلەر بىلەن قارشىلىشىپتۇ ، دەل شۇ چاغدا ، دەرۋازا قاراۋۇللىرىنى تەكشۈرگىلــــى كەلگەن بەگ رۇقىيەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، قاراۋۇلخانىغا كىرىپتۇ . بۇ بەگ ياقا يۇرتتىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان يەنلىغ ئاباگىغا ئىنئام ئېلىش مەقسىتىدە چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنى تېپىپ بېرىپ يۈرگەنىكەن . رۇقىيەم ئۇ بەگكە يىغلاپ يالۋۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئوردا ئات باقارىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . بىراق ، ھېلىقى بەگ رەھمەتلىك قىزىمنى باسقاقبەگكە ئاپىرىپ بېرىپ ئىنئام ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، قىزىمنى قۇتقۇزغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ ۋە ئۇنى ئالداپ باسقاقبەگ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . ئەتىسى رەھمەتلىك قىزىم نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ . بىزنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىمىز بولمىغاچقا بەخىرامان يۈرىۋېرىپتىمىــــز . ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە قۇدىلار ئۆيگە رۇقىيەمنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدى . بىز

رۇقىيەمنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتۇق ، ئۇلارمۇ ھەيران قالدى . شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ رۇقىيەمنى ئىزلىدۇق ، بىز بەش كۈن ئىزلەپمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدۇق . ئالتىنچى كۈنى كېچىدە ئۆيدە يىغا - زار قىلىپ ئولتۇرساق تۇيۇقسىز بىرسى ئىشىكنى چەكتى ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچسام ، ئىشىك ئالدىدا ئوردا تىلماچى ئابدۇسەمى تۇرىدۇ ، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىردىم . ئۇ قىزىم رۇقىيەمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن ، ئۇ بولغان ۋەقەنى ماڭا سۆزلەپ بەردى ، ئاخىرىدا ئۇ بۇ خەۋەرنى ئۆزىنىڭ دېگەنلىكىنى باشقىلار ھەرگىز ئۇقماسلىقى لازىملىقىنى ، بولمىسا ئۆزىنىڭ كاللىسىنى كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن تىلماچىنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپلا ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتىم . شازادىخان ئاچچىمىزمۇ يىغلاپ كەتتى .

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ھاپىز ئوۋچىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ كەتتى ، بىر ياندا ئولتۇرغان شازادىخان «ئاھ قىزىم رۇقىيەم» دەپ قايتىدىن ھازا ئاچتى . مايىسخان بىلەن زايىتمۇ ئۆكسۈپ ، ئۆكسۈپ يىغلاشتى .

— ئەتىسى سەھەردە بۇ ئەھۋالنى ماۋۇ ئىنىم زايىتقا ئېيتتىم ،— دېدى ھاپىز بىر پەستىن كېيىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ،— ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ، يەنىلىغ ئاباكىدىن ئۆچ ئالماقچى ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، تاغ ئارىسىغا قېچىپ كەتمەكچى بولدۇق ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككى ئاتنى ئالاھىدە بېقىپ ، ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈردۇق .

بىر كۈنى يەنىلىغ ئاباكىنىڭ ئۆزى يالغۇز سۇگۇلۇككە① كىرىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۇق ، بۇ بىز ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى . شۇڭا ، مەن دەرھال

---

① سۇگۇلۇك - تاھەرەتخانا ، دېگەن سۆز .

ئىنىمغا خەۋەر قىلدىم ، سۈگۈلۈك ئات ئېغىلىنىڭ قاپتىلىدا ئىدى . ئىنىم بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۈگۈلۈككە كىردۇق ، ئۇ ئەمدىلا تاھەرەتكە ئولتۇرغانىكەن ، بىز ئۇنىڭغا تەزىم قىلغان بولۇپ ، ئالدىغا باردۇق ۋە بېسىۋالدۇق . ئاغزىغا لاتا تىقىپ ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ چۇلۋۇر بىلەن باغلىدۇق ـ دە ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردۇق ، تەپتۇق ، ئۇ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى ، بىز ئۇنى ئۆلدى ، دەپ ئويلىدۇق . تازا ئەخمەقلىق ـ دە ، ئۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ يا تومۇرىنى تۇتۇپ باقماپتىمىز ، يا تىنىقىنى تىڭشاپ باقماپتىمىز ، بىز ئۇنى سۈگۈلۈكنىڭ تاھارەت قىلىدىغان تۆشۈكىدىن ئىچىگە تاشلىۋېتەيلى ، دېسەك ئۇ تۆشۈككە پاتمىدى . بىز ئۇ مەرەزنى ئۆلدى ، دەپ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قېچىپ چىقتۇق ۋە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىز ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئاتلارنى ئېلىپ ئۇدۇل ئۆيگە بېرىپ ، شازادىخان بىلەن مايسىخاننى مىنگەشتۈرۈپ قەلئە دەرۋازىسىغا باردۇق . دەرۋازىدا چېرىكلەر بىزنى توسىدى . بىز ئۇلارغا يەنلىغ ئاباگى بەگدىن سوراپ يېزىغا تۇغقان يوقلىغىلى ماڭغانلىقىمىزنى ئېيتىۋىدۇق ، بەختىمىزگە يارىشا ، ئۇلار ئۇشۇقچە گەپ سورىماي چىقىرىۋەتتى . بىز شۇ ماڭغانچە بۇ قارىغايلىققا يېتىپ كېلىپ ماكانلاشتۇق . بىز شۇنىڭدىن بۇيان بۇ تاغ ئارىسىدا ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتىمىز ، ـــ ھاپىز ئوۋچى دەقىقە جىم تۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ قوشۇپ قويدى ، ـــ كېيىن ئاڭلىساق ، يەنلىغ ئاباگى دېگەن جاللات ئۆلمەي قۇتۇلۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يېقىندا بىزگە رۇقىيەمنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئابدۇسەمى تىلماچىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ . ئەسلى يەنلىغ ئاباگى دېگەن قانخور ئۇنىڭ قىزىنىمۇ ئاياغ ـ ئاستى قىلغانىكەن . بۇ ئىش تۈپەيلى تىلماچ ئۇ ئەبلەخكە بىر ـ ئىككى ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلسا ، ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ ، دەپ

ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ . بۇ ئىشنى يېقىندا تاش قەلئەدىن قېچىپ چىقىپ ، ئارقا تاغدا تۇرۇۋاتقان بىرسىدىن ئاڭلىدىم .
— شۇنىڭدىن بۇيان سىلەرنى بىرەر ئادەم ئىزلەپ بۇياققا كەلمىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى سادىر ئۆزى ئولتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ ، لېكىن ئۇ ئۆزى ئۆرە بولالمىدى ، ئۇنى زايىت يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .
— چېرىكلەر بۇياقلارغا ئادەتتە كەلمەيدۇ ، — دېدى ھاپىز ئوۋچى ، — بۇ يەر قەلئەدىن يىراق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇلار بۇ جايلاردا ئادەم بارلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ .
— بۇ ئەتراپتا شەھەردىن قېچىپ چىققانلار خېلى كۆپ ئوخشىمامدۇ ؟ — دەپ سورىدى سادىر ھاپىزدىن .
— ھەئە شۇنداق ، ھازىر بۇ تاغ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلەر بەش يۈزدىن ئارتۇقمىكىن ، دەپ ئويلايمەن .
سادىر ھاپىز ئوۋچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، نېمىنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى . شۇ ئارىدا ئۇنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈپ چېدىر سىرتىدا ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ھاپىز ئوۋچى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقتى . سىرتتا ئىككى ئادەم تۇراتتى ، ئۇنىڭ بىرسى ھاسىغا تايىنىۋالغان بولۇپ ، چاچلىرى قاردەك ئاقارغان ، چىشلىرى چۈشۈپ ، يۈزلىرى توققۇز تولۇقتەك قورۇلۇپ كەتكەن ، بېلى گويا كامالەكتەك ئېگىلگەن ، پۇت - قوللىرى خۇددى قوناق شېخىدەك ئىنچىكە ، يەتمىش - يەتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى موماي ئىدى ، ئۇ بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن ماتا ياغلىق چىگكەن ، ئۇچىسىغا سەرگاز كۆڭلەك ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياماق چۈشۈپ ، ئەسلى قانداق رەختلىكىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن قارا سەرگاز چاپان ، پۇتىغا ئۆڭۈپ ئاقىرىپ كەتكەن قىرىم مەسە كىيىۋالغانىدى . مومايىنىڭ يېنىدا يىگىرمە يەتتە ياشلار ئەتراپىدا بىر يىگىت بولۇپ ، ئۇ مومايىنى سول قولتۇقىدىن يۆلەپ

تۇراتتى . ئۇ بېشىغا كىردىن ياغلىشىپ ، قاسماق بولۇپ كەتكەن شاپاق بۆك ، ئۇچىسىغا ماتادىن ئىشتان ـ چاپان كىيگەن ، پۇتىغا ئەسكى چورۇق تارتىۋالغانىدى . يۈز ـ كۆزلىرى يول ئازابىدىن بولسا كېرەك ، كۆيۈپ ، قارىداپ ، يېرىلىپ كەتكەنىدى . ئۇ چېدىردىن بەش قەدەمچە يەردىكى قارىغايغا موماينى مىندۈرۈپ كەلگەن قارا ئېشەكنى باغلاپ قويغانىدى .

هاپىز ئوۋچى ئۇلارغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن :

— قېنى تارتىنماي چېدىرغا كىرىڭلار ! — دېدى ئۇلارنى چېدىرغا تەكلىپ قىلىپ .

— رەھمەت بالام ، رەھمەت ! — دېدى موماي خۇشال بولۇپ ، — بىزگە ئوخشاش مۇساپىرلارنى ئۆيۈڭگە تەكلىپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچى ئىگەم ئاللا بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن !

يىگىت موماينى يۆلەپ چېدىر ئىچىگە ئېلىپ كىردى .

3

هاپىز ئوۋچى يولۇچىلارنى چېدىرغا باشلاپ ، سادىرنىڭ سول تەرىپىگە سېلىنغان جەرەن تېرىلىرى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى . داڭقاندىكى كەچلىك تاماق ئۈچۈن يەيدىغان جەرەن گۆشلىرىمۇ پىشىپ قالغانىدى . دۇئا ۋە سالام ـ سائەتتىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ ، ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىندى ، ئارقىدىن مايسىخان قارا تەڭلىگە تۇزلىغان گۆشنى ئېلىپ كىرىپ ، زايىتنىڭ ئالدىغا قويدى . زايىت گۆشنى پىچاق بىلەن پارچىلاپ بۆلۈپ ، سادىرنى ئۆزىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى . هاپىز مېھمانلارنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلدى :

— خوش ، گۆشكە باقايلى ، ئانا ـ بالا ئىككىڭلارمۇ تارتىنماي يەڭلار .

گۆش يۇمشاق ، مەززىلىك پىشقانىدى . يولۇچىلارنىڭمۇ قورسىقى راسا ئېچىرقاپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى . . .

تائامدىن كېيىن دۇئا قىلىنىپ ، داستىخان يىغىلدى ، ئارقىدىن قوللار چايقىلىپ ، ماتا ياغلىقلار بىلەن سۈرتۈلدى . ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى . بۇ جىمجىتلىق ھاپىز ئۇۋچىنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى بولغاي ، ئۇ يولۇچى يىگىتتىن :

— ئۇكام ، سىلەر قاياققا كېتىۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— بىز شاش[1] شەھىرىدىن كەلدۇق ، — دېدى يىگىت ھاپىزغا قاراپ ، — تاش قەلئەگە بارماقچىمىز . ئانام ئەسلىدە تاش قەلئەلىك ئىكەن ، شۇڭا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىنى بەك سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ ، شۇ يەرگە بېرىپ ياشاپ ، شۇ يەردە ئۆلۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شاش شەھىرىدىمۇ ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ھەم يەنلىغ تاشنىنىڭ ئېغىر زۇلمىدىن جان ساقلىماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى . بىز يولغا چىققىلى ھازىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى . بۈگۈن تاش قەلئەگە يېتىۋالارمىز دېسەك ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە كەچ بولۇپ كەتتى ، ئېشەكمۇ ھېرىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئەمدى قانداق قىلارمىز ، دەپ تۇرساق بۇ قارىغايلىق ئارىسىدىن بىر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . يولدىن بۇرۇلۇپ بۇ يەرگە كەلسەك ، سىلەر بار ئىكەنسىلەر ، ناۋادا ماقۇل كۆرسەڭلار ، قېرى ئانام بىلەن بۈگۈن بىر كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋالساق .

— ئوبدان ئويلاپسىز ئۇكام ، — دېدى ھاپىز ئۇۋچى ، — بۇنىڭ ماقۇل كۆرمەيدىغان نېمىسى بار ؟ بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ماكانىدىن ئايرىلغان غېرىب بىچارىلەر . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىز

---

① شاش ـ ھازىرقى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتنىڭ بۇرۇنقى نامى .

ھەممىمىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز ، تارتىنماي ، بىمالال ئولتۇرۇڭلار .

شۇنداق قىلىپ ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قونۇپ قالدى . شۇ كۈنى خۇپتەندىن كېيىن ، شاش شەھىرىدىن كەلگەن موماي ھاپىزدىن سادىرنىڭ نېمە كېسەلى بارلىقىنى سورىدى ، بۇ چاغدا سادىرمۇ گۆش يەپ ، شورپا ئىچىپ ، خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ زايىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ ، مومايىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى . ئۇ بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزلىرىنى بىرىنى قالدۇرماي سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ ئابدۇكېرىم قاپقاننىڭ ئۆزىنى توغراقنىڭ كامىرىدىن تېپىۋالغانلىقىنى سۆزلىشى بىلەن تەڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان موماي «ئاھ بالام !» دېسە «بالام !» دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ ، ئۆزىنى سادىرنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ ھوشىدىن كەتتى . . .

بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن چېدىر ئىچىدىكىلەر ھەيران قېلىشتى . موماي بىلەن سادىر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چىگىش سىر ھەممەيلەننى قىزىقتۇردى . شازادىخان دەرھال سوغۇق سۇ ئەكىرىپ مومايىنىڭ يۈزىگە پۈركىدى ، موماي شۇ ھامان ئەندىكىپ ھوشىغا كەلدى ـ دە ، گويا سارالىڭ كىشىلەردەك سادىرنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ، پۇت ـ قوللىرىغا سۆيۈپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى . ئانا بىر پەستىن كېيىن يىغىدىن توختاپ ، كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى ، ئارقىدىن ئۆز ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى :

ــ باللىرىم ،ــ دېدى ئۇ كوماك ئېغىزىنى ئۆمەللەپ ،ــ سىلەر مېنىڭ بۇ بالىنى «بالام» دەپ يىغلىشىمدىن ئەجەبلەنگەنسىلەر ياكى بولمىسا ، مېنى قېرىغاندا ئالجىپ قالغان ئايال ئوخشايدۇ ، دەپ قالغانسىلەر ،ــ دېدى موماي ئۆي ئىچىدىكىلەرگە سوئال نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن

كېيىن، — مەن بۇ بالىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىنىكئانىسى سارىخان بولىمەن، بۇ بالا بولسا، بىزنىڭ بۇرۇنقى ئۇلۇغ ياسىن قاغانىمىزنىڭ تەۋەررۈك ئوغلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى قادىر.

ئەييۇھەنناس! ھۆرمەتلىك كىتابخان، دۇنيادا مۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىشلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن. توۋا، بىز ھېكايىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولغان سارىخان ئانىنى يوقىتىپ قويغىلى ھازىر ئوتتۇز يىل بولۇپ قالغانىدى، خۇداغا شۈكرى، ئۇنى يەنە تېپىۋالدۇق. ھۆرمەتلىك كىتابخان، قېنى، ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ، قانداق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ، بىرگە ئاڭلاپ باقايلى.

ئىنىكئانا سارىخان ياسىن قاغاننىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئالدىدا ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىنى، قادىرنى يەر ئاستى يول ئارقىلىق ئېلىپ قاچقانلىقىنى ھەم ئۇنى نېمە ئۈچۈن توغراق كامىرىغا تىقىپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— قاسىم يۇغرۇش پىچاقنى مېنىڭ گېلىمغا يەنە سۇردى، مەن ئۇنىڭغا يەنە يالۋۇردۇم، ئۇ مېنى يەنە يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى. بىز يەنە ئىككى كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن خۇپتەنگە يېقىن ئاران تەستە بىر دەڭگە ئۇلاشتۇق. ئۇ يەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ياتىدىغان ئۆيى ئايرىم ئىكەن. ئۇ مېنى ئاياللارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى ئەرلەر ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن كىرگەن ئۆيدە ئىككى ئايال بار ئىكەن، مەن ئۇلار بىلەن تونۇشۇپلا، بولغان ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتىم. ئۇلار تىلەمچى ئاياللار ئىكەن، ئۇلار ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئەتە باشقىلارغا دەپ، ئۇ ئەبلەخنىڭ تازا ئەدىبىنى بېرەيلى، ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، دېيىشتى. ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، قاسىم يۇغرۇشنى ئىزلەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن دەڭ ئىگىسىدىن سورىدىم، ئۇ ئادەم

قاسىم يۇغرۇشنىڭ ئاخشام ئۇزۇن تۇرمايلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆپ كىشىلەردىن سورىسام ھېچكىم بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى تاكى ھازىرغىچە بىلەلمىدىم، ئەمما مەن شۇ چاغدىلا ئارقامغا يېنىپ قادىرنى ئىزلەپ باردىم. لېكىن، قاسىم يۇغرۇش مېنى ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا سۆرەپ ئايلاندۇرۇپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن كەلگەن يولۇمنى پەرق ئېتەلمىدىم، ئاخىر ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتىم ھېلىقى دەڭگە كەلدىم، بەختىمگە يارىشا، ھېلىقى ئىككى تىلەمچى ئاياللار مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، ئۇلارغا قوشۇلۇپ شاش شەھىرىگە باردىم. شۇ چاغدا ماڭا شۇنداق قىلمايمۇ ئامال بولمىدى. چۈنكى، مەن بىر ئاجىز ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن تاش قەلئەگە قايتىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىم. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن، شۇڭا بىز ئۈچ ئايال ئايرىم ـ ئايرىم تىلەمچىلىك قىلىپ جان ساقلىدۇق. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن بىر دېھقان ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا تەگدىم، ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ماۋۇ ئوغۇلنى تۇغدۇم، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئېرىم تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قازا قىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ ياشىشىمىز ناھايىتى تەسكە چۈشتى، چۈنكى قاراقچىلارنىڭ زۇلمى ئۇ جايلاردىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە قەبىھلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىندىن بۇيان شاش شەھىرىدە ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ئاخىر ئوغلۇم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تاش قەلئەگە كېتەيلى، ئۇ يەردە مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇشلىرىم بار، دەپ تۇرۇۋالدىم. مەقسىتىم ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئۆز يۇرتۇمدا ئۆتكۈزۈش ھەم ئۆلۈكىمنى كىشىنىڭ يۇرتىدا قالدۇرماسلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىزدىكى پۇلغا يارايدىغان بىساتلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ،

ئېشەك ئالدۇق، قالدى پۇلنى ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز يول خىراجىتى قىلىپ، ئاران مۇشۇ يەرگە ئۇلاشتۇق. ئەمما، مەن قادىردىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئۇنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم، بەلكى كۈندە بەش ۋاخ نامىزىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئۇقۇشنى خۇدادىن داۋاملىق تىلىدىم. مانا بۈگۈن دۇئايىم ئىجابەت بولغان كۈن ئوخشايدۇ، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىگەم ئاللاغا چەكسىز شۈكرى ئېيتىمەن.

سادىر مومايىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ دەپ تېڭىرقاپلا قالدى. لېكىن، ئۇ ئاتىسى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا دېگەن سۆزلىرى بىلەن مومايىنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ ئاخىر ئۆزىنىڭ تاش قەلئە ئېلىكخانى ياسىن قاغاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز ئاتىسى ياسىن قاغاننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيەتلىرىنى تەكرار ئويلاپ، يۈرىكىدىكى قىساس ئۇچقۇنلىرى بىردىنلا يالقۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىزلا ئورنىدىن دەس تۇردى، ئارقىدىنلا ئۇ چېدىر ئىچىدە ئۇيان - بۇيانغا مېڭىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بىراق، ئۇ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىشىغا پۇت - قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئالدىغا پالاقشىدە دۈم چۈشتى. ھاپىز بىلەن زايىت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى يۆلەپ، ئۆز جايىغا ئېلىپ كېلىپ ياتقۇزدى.

— ئاكىلار، — دېدى قادىر بىر پەستىن كېيىن زايىت بىلەن ھاپىزغا قاراپ، — سىلەر ئىككىڭلار ئەتە سەھەردىلا ئەتراپتىكى تاغلار ئارىسىغا بېرىپ، شەھەردىن قېچىپ چىققان پۇقرالارغا بۇرۇنقى قاغانىمىز ياسىنخاننىڭ ئوغلى قادىر قاغان سىلەرنى قاراقىتانلارغا قارشى جەڭگە چاقىردى، ئەگەر

قاراقىتانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنى خالايدىغان بولساڭلار، دەرھال قادىر قاغاننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بېرىڭلار، دەڭلار.

— باش ئۈستىگە ئۇلۇغ قاغانىمىز! — دېدى ھاپىز بىلەن زايىت قادىرنىڭ ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتىشىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلىپ، — بىز سىزنىڭ ئاتىڭىزدەك ئادىل، پۇقرالارغا كۆيۈمچان، ياغىلارغا قەھرلىك قاغان بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

4

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا، ھاپىز ئىنىسى زايىت بىلەن زۇلۇم دەستىدىن يۇرتتىن قېچىپ چىقىپ، تاغ ئارىلىرىغا ماكانلاشقان تاش قەلئە پۇقرالىرىغا قادىرخاننىڭ يارلىقىنى ئاتلىق يەتكۈزدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ - تۆت يۈز ئادەم كۆيۈكتاغىنىڭ ئارقىسىغا يىغىلدى. يىغىلغانلار ئىچىدە بەزىلەر دەسلەپ قادىرخاننىڭ سۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى «مەن ياسىن قاغاننىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزىدىن گۇمانلاندى، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قېرىلار ئىنىكئاننى تونۇغان، سارىخان ۋە بىر قىسىم مويسىپىتلار ياسىنخاننىڭ ئەينى چاغدا قادىر ئىسىملىك ئوغلىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئەتراپتىكىلەر ئۇنى «قاغان» دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئاخىرىدا بىر ئاقساقال كىشى ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك قاغانىمىز قادىر قاغان، بىز كۆپچىلىك مويسىپىتلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن سىزنىڭ بۇرۇنقى قاغانىمىز ياسىن قاغاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭىزگە ئاخىر ئىشەندۇق. بىز بۈگۈن مۇشۇ چاغدىن ئېتىبارەن سىزنى ئاتىڭىز

«ياسىن ئادىل» نىڭ ئورنىدا قاغان دەپ تونۇيمىز ھەم ئاتىغىنىزنى قانداق ھۆرمەتلىگەن بولساق، سىزنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغلايمىز. رەھمەتلىك قاغانىمىز «ياسىن ئادىل» بىز پۇقرالار كۈلسەك كۈلىدىغان، يىغلىساق يىغلايدىغان ئادەم ئىدى. قاراقىتانلار ئەزىز يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ھەرخىل ئالۋاڭ - سېلىقلارنى سېلىپ، بىزنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالدا خارلىدى، قاتمۇ - قات زۇلۇملار دەستىدىن بىز ئاخىر سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، يۇرت - ماكانىمىزنى تاشلاپ، تەرەپ - تەرەپكە چېقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تاغ ئارىسىدا بۆرە-يولۋاسلارغا يەم بولدى، بىر قىسىم كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كەتتى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز پۇقرالارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئاللاتائاللا بىزگە سىزنى ئۇچراشتۇردى. ئەمدى سىز بىزنى ئوتقا كىر دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا كىر دېسىڭىز سۇغا باش تارتماي كىرىمىز. خۇدا سىز قاغانىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە شان - شەرەپ ئاتا قىلغاي! ئامىن!...

شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئېتىراپ قىلىشى ھەم ئۆزىگە سادىق، ۋاپادار بولۇش توغرىسىدا ۋەدە بېرىشى قادىرخاننى چەكسىز ھاياجانلاندۇردى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تارام - تارام تۆكۈلۈپ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى يۇيۇپ تارىدى.

ياش خانىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، مۇڭ - مۇڭ ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پۇقرالارمۇ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ ھۆركىرەپ يىغلىشىپ كەتتى. قاتتىق يىغا ئاۋازى كۆيۈكتاغدىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، ئاللىقاياقلارغىدۇر كەتمەكتە ئىدى. كىملەردۇر سۇرىلەرنى ئىچىدە ئوقۇسا، يەنە كىملەردۇر ئايەتلەرنى يىغلاپ ئۈنلۈك

ئوقۇپ، ئاللادىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ياش خانغا ئۇزۇن ئۆمۈر، شان - شەرەپ ۋە جەڭدە زەپەر ئاتا قىلىشىنى تىلىمەكتە ئىدى.

— ئي ھۆرمەتلىك ئاكا - ئۇكىلار، ئاچا - سىڭىللار! — دېدى قادىرخان دۇئادىن كېيىن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان پۇقرالارغا قاراپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ ياسىن قاغاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چېغىمدا قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قاتتىق ھەيران قالغانىدىم. ئەمدى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزۈمنى «قاغان» دەپ ئېلان قىلسام، سىلەرنىڭ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، مېنى چىن كۆڭلۈڭلاردىن «قاغان» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ، ئالەمچە خۇشال بولدۇم، شۇ تاپتا بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئەمدى مەن سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، ئەزىز يۇرتىمىزنى بېسىپ ياتقان قاراقتانلار بىلەن بىر تامچە قېنىم قالغۇچە ئۇرۇش قىلىپ، ئۈمىد - ئىشەنچىڭلارنى ئىنشائاللا، چوقۇم ئاقلايمەن...

قادىرخان بارغانچە قىزىپ سۆزلىمەكتە. قۇياشنىڭ تارام - تارام نۇرلىرى قارىغايلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، خان ۋە پۇقرالارنىڭ ئۇستىگە سېخىلىق بىلەن سېپىلمەكتە ئىدى. قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە، سەدەپ تۈگمىلىرىدە جۇلالىنىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.

## 5

ئارىدىن يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قادىرخان شۇ كۈنلەر ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، ئالدى بىلەن تاغلار ئارىسىغا ۋە ئورمانلىقلارغا قېچىپ كەتكەن پۇقرالارنى ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى. كۆپۈكتاغنىڭ ئارقىسىدا چېدىرلار كۆپىيىپ، يېڭى قۇرۇلغان بىر ئاۋۇلغا ئوخشاپ قالدى. ئارقىدىن

ئۇ ئوردا تەرتىپلىرىنى ئورناتتى ، ئەتراپىغا توپلانغان مىڭغا يېقىن كىشىلەردىن يېشى ئاتمىشتىن تۆۋەنلەرنى يىغىپ ، يەتتە يۈزگە يېقىن لەشكەر تەييارلىدى . ھاپىز ئۇۋچىنى ئۆزىگە يۈغرۇش ، زايىتنى سۇباشى ، دوستى ئالىمجاننى مىڭبېگى ، يەنە بىر قانچە يىگىتنى يۈزبېگى قىلىپ بېكىتتى . لەشكەرلەر شۇ كۈندىن باشلاپ مەشىققە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ، ئۇلار قارىغايدىن كالتەك ياساپ ، مەشق قورالى قىلدى . قادىرخان يەنە ئون لەشكەرنى قارلىق تاغدىن بۇياققا ئۆتىدىغان ئېغىزغا ياتغاق قىلىپ① ئورۇنلاشتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن لەشكەرلەرنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە جەڭ ئاتلىرىنى قانداق ھەل قىلىش ئىشى خاننىڭ بېشىنى تازا قاتۇردى . ئاخىر ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ، بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەندەك بولدى ـ دە ، ئىنىكئانا سارىخاننى ئۆزىگە خاس تىكىلگەن چېدىرغا چاقىرتتى .

— ئەسسالام ئانا ، — دېدى خان ئىنىكئانىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، — بۇ تاغ ئارىسىغا كۆنۈپ قالغانسىز ؟

— كۆنۈپ قالدىم ئوغلۇم ، — دېدى ئىنىكئانا تۆردىكى كونا پالاس ئۈستىگە سېلىنغان يولۋاس تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، — سېنىڭ دۆلىتىڭدە بۇ تاغ ئارىسىدا بەختلىكمەن ، ئوغلۇم !

ئىنىكئانا شۇنداق دەپلا چېدىر ئىچىگە بىر قۇر نەزەر سالدى . بۇ خاس چېدىرمۇ ناھايىتى كونا كىگىزلەر بىلەن تىكىلگەن ، چېدىر ئىچىگە بىر پارچە كونا پالاس سېلىنغانىدى ، ئىنىكئانا ئولتۇرغان يولۋاس تېرىسىلا يېڭىراق ئىدى . چېدىرنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇلۇڭىغا مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ماتا تاشلىق يوتقان ـ كۆرپە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق ماتادىن ئېتىلگەن ، يىگىرمە ، ئوتتۇز يېرىگە ياماق چۈشكەن بىر تەكىيە تىزىپ

---

① ياتغاق ـ كۆزەتچى ، قاراۋۇل .

قويۇلغانىدى . چېدىر ئىچىدە بارى ـ يوق بىساتلار شۇلار ئىدى . ئانا ئارقىدىن نەزىرىنى قادىرخانغا ئاغدۇردى ، خانمۇ ناھايىتى ئاددىي كىيىنگەنىدى . ئۇ بېشىغا باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاشلا كىر بولۇپ مايلىشىپ كەتكەن ئاق تۇماقنى قىرلاپ كىيىۋالغان ، ئۈستىگە ئاق ماتادىن كۆڭلەك ـ تامبال ، پۇتىغا كۆك كالاچلىق قىرىم مەسە كىيىۋالغانىدى . ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز ياسىتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئىنىكئانىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى .

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ ئىچىنغان ھالدا ، — ئاتاڭ رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسا ، سەن ھەرگىز مۇنداق يۈرمىگەن بولاتتىڭ ! ھازىر سېنىڭ تۇرمۇشۇڭ بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋېتىپتۇ . مېنىڭچە ، سەن پۇقرالارنىڭ ئۇلۇشكۈن يىغقان پۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۈستۈۋاشلىرىڭنى يەڭگۈشلەپ ، باشقىلاردىن ئالاھىدىرەك كىيىنىپ يۈرگىن ، چۈنكى سەن ھازىر بىر قاغان !

— ياق ئانا ، مۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ ! — دېدى قادىرخان ئىنىكئانىنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ ، — ھازىر پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى ماڭا ئايان . مۇنداق ئەھۋالدا مەن بۇلاردىن پۇل ئالسام ھەم ئۇلاردىن ئالاھىدىرەك تۇرمۇش كەچۈرسەم ئوبدان بولمايدۇ . مېنىڭچە ، ھازىر تۇرمۇشۇم ناھايىتى ياخشى ، گەرچە مەن بىر كۈن توق ، بىر كۈن ئاچ يۈرسەممۇ ، ھەتتا كونا كىيىملەر كىيگەن بولساممۇ ، مەن بۇ تۇرمۇشتىن رازى . چۈنكى ، مەندە ھازىر ئەڭ مۇھىمى ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك بار ، مەن ھازىر بۇرۇنقىدەك قاراقىتانلارغا قۇل ئەمەس ، مانا شۇنىڭ ئۆزى ماڭا كۇپايە .

قاغاننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن سارىخان باشقا سۆز قىلماي جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى .

— ھۆرمەتلىك ، ئانا — دېدى شاھ بىر پەستىن كېيىن ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ ، — سىزنىڭ ھۇزۇرۇڭىزغا يالغۇز چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت ، سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم .

— نېمىنى سورىغۇڭ كەلسە ، سورا ئوغلۇم ، سوئالىڭغا چامىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرىمەن !

— سىز ئۆز ۋاقتىدا مېنى ئاتام قاغاننىڭ ھۇزۇرىدىن ئېلىپ چىققان يەر ئاستى يولىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئېغىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟

تەسۋى سىيرىۋاتقان سارىخان خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، پاختا يىپ ئۆتكۈزۈلگەن ، سارغىيىپ كەتكەن تەسۋىنى توختىماستىن سىيرىپ ئولتۇرۇپ ، ئاللانېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى ، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ پۈرۈلۈپ ، لەۋلىرى گويا پۈرمە خالتىدەك بولۇپ قالغانىدى . . .

— ھە ، تاپتىم ! — دېدى ئىنىكئانا بىر پەستىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ ، — يەر ئاستى يولىنىڭ سىرتقى ئېغىزى قارلىق تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بوك - باراقسان قارىغايلىق ئارىسىدا ، ئىككى غولاچ كېلىدىغان ، شاخ - شۇمبىلىرى كۆيدۈرۈلۈپ ، چۈچۈلا بولۇپ قالغان ، ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان ئىچى كاۋاك توغراقفا تۇتىشىدۇ .

— سەمىڭىزگە بارىكاللا ئانا ، — دېدى خان بىر چىگىش مەسىلىنى ھەل قىلغاندەك خۇرسەن بولۇپ ، — سىزگە رەھمەت ئانا ، ئاللا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەي !

شۇنىڭدىن كېيىن خان ئىنىكئانىنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۇ چېدىر ئىچىگە قايتىپ كىرىپ ، چاۋاك چالدى ، ھايال ئۆتمەي يۈگۈرگەن كىرىپ كەلدى .

— خوش بىكەچ① پەرمان بەردارمەن ! — دېدى يۈگۈرگەن

① بىكەچ - شاھزادىلارنى .ھۆرمەتلەپ ئېيتىدىغان سۆز .

ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ .
— يۇغرۇشنى چاقىرىڭ ! — دېدى شاھ ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن .
— لەببەي ، بىكەچ !
يۈگۈرگەن چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي يۇغرۇش ھاپىز خان ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى ۋە خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، تىنچ - ئامانلىق سورىدى . خان جاۋاب سالامدىن كېيىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .
— ھۆرمەتلىك ھاپىز يۇغرۇش ، — دېدى خان يۇغرۇش پالاس ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — ئاتا - بوۋىلىرىمىز «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دەپتىكەن ، سىز بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىمەن .
— خوش خانزادەم ، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن ، — دېدى ھاپىز يۇغرۇش .
— سىز قاغان ئاتامنىڭ بۇرۇنقى قاغان سارىيى ئورنىدا قاراقىتانلارنىڭ ھازىر نېمىسى بارلىقىنى بىلەمسىز ؟ — دەپ سورىدى خان .
— بىلىمەن ، — دېدى يۇغرۇش ئىشەنچ بىلەن ، — مەن ئوردىدىكى چاغدا ئۇ يەردە قاراقىتانلارنىڭ ئۇرۇش قوراللىرى بار ، دەپ ئاڭلىغانىدىم .
— ناھايىتى ئوبدان ، — دېدى شاھ خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرەپ ، — ئىنىكئانامدىن مېنى ئېلىپ قاچقان يەر ئاستى يولنى سوراپ بىلدىم ، ئۇنىڭ ئېغىزى قارلىق تاغنىڭ ئالدىدا ئىكەن . شۇ تاپتا ، مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن ، بىز ئۇ يەرگە كېچىدە بېرىپ ، يەر ئاستى يول بىلەن لەشكەر كىرگۈزۈپ ، قورال - ياراغلارنى بۇلاپ چىقساق ، ئاندىن لەشكەرلەرنى قوراللاندۇرۇپ ، قاراقىتانلارغا ھۇجۇم قىلساق ، سىزنىڭچە بولارمۇ ؟

— خانزادەم ، بۇنى ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز ، — دېدى يۇغرۇش خاننىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ ، — بىراق بىز ئۇ يەرنى ئالدى بىلەن ئايغاقچى ماڭغۇزۇپ كۆزىتىپ كېلەيلى ، ئاندىن لەشكەر ئەۋەتسەكمۇ كېچىكمەيمىز .

— بۇ دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق ، ھۆرمەتلىك يۇغرۇش ، ئۇنداقتا ، ئايغاقچىلىققا مەن بېرىپ كېلەي .

— ياق خانزادەم ، سىز بارسىڭىز بولمايدۇ ، — دېدى ھاپىز يۇغرۇش ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ ، — سىز دېگەن ھازىر قاغان . خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىز پۇقرالار سىزگە ئاران ئېرىشتۇق ، ناۋادا سىزگە بىرەر خەۋپ يېتىپ قالسا ، ئۇنداق ئىشتىن خۇدا ساقلىسۇن ، بىز يەنە ئىگىسىز مالدەك تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتىمىز . شۇڭا ، سىزنىڭ ئورنىڭىزغا ئىنىم سۇباشى زاھىت بىلەن مىڭبېگى ئالىمجان بارسۇن ، ئۇلارغا بىر نەچچە لەشكەر قوشايلى .

— ياق ، ھۆرمەتلىك يۇغرۇش ، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، ئارىمىزدا مېنىڭدىن زېرەك ۋە ئەقىللىق يىگىتلەر بار ، ئۇلارمۇ قاغان بولۇپ سىلەرنى يېتەكلىيەلەيدۇ . . .

— ياق خانزادەم ، — دېدى يۇغرۇش خاننىڭ سۆزىنى يەنە رەت قىلىپ ، — مەن سىزنىڭ بېرىشىڭىزغا ھەرگىز قوشۇلمايمەن .

بۇ ئىش خۇسۇسىدا ئۇلار خېلى تالاش - تارتىش قىلىشتى . ئاخىر يۇغرۇش خاننى قايىل قىلدى . خان نائىلاج سۇباشى ۋە مىڭبېگىنى بىر نەچچە لەشكەر بىلەن ئەۋەتىدىغان بولدى . ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا سىرتتىن چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى . خان «نېمە ئىشتۇ بۇ ؟» دېگەندەك يۇغرۇشقا قاراپ قويۇپ ، چاۋاك چېلىپ يۈگۈرگەنگە كىرىشكە ئىجازەت قىلدى .

— هۆرمەتلىك قاغانىم ،— دېدى يوگورگەن شاھقا سالام بەرگەندىن كېيىن ،— قارلىق تاغدىكى ياتغاقلار شەھەر تەرەپتىن كەلگەن ئىككى ئادەمنى ھوزۇرلىرىغا ئېلىپ كەپتۇ ، كىرسۇنمۇ ؟

— كىرسۇن !

شاھنىڭ ئىجازىتىدىن كېيىن ، ئىككى ئادەم شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى . خان ئۇلارنى كۆرۈپلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، ئەييۇھەنناس ! ھەرقانداق ئىنسان ئۆمرىدە ھېچقاچان مۇنداق ئازابقا يولۇقماس ! بۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى ئەللىك بەش ياشلار چامىسىدا بولۇپ ، باشلىرى يېرىلغان ، بۇرۇن ، قولاقلىرى كېسىلگەن ، ساقاللىرى يۇلۇنغان ، گۆرەنلىرى يېرىلغانىدى . ئۇنىڭدىن ئاققان قانلاردىن خام ماتادىن كىيگەن ئاق ئىمچىسى قىزىل بەقەسەم رەڭگە كىرگەنىدى . خان ئۇ كىشىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئىچى قاراڭغۇلۇشۇپ ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى ۋە قاتتىق بىر سىلكىنىپ ، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى .

6

قادىرخان ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بۇرۇن ، قولاقلىرى كېسىلگەن بۇ ئادەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . بۇ ئادەم بىز ھېكايىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا غىل - پال تەسۋىرلەپ ئۆتكەن داۋۇت ئىمام ئىدى . ئۇ يىغرۇش بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— داۋۇت ئاكا ،— دېدى قادىرخان داۋۇت ئىمامنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ،— بۇ نېمە ئىش ، قولاق - بۇرنىڭىزنى كىم ، نېمە سەۋەبتىن كېسىۋەتتى ؟ !

— يەنىلغ ئاباگى سېنى ئاتقا سۆرەتكەندىن كېيىن ،— دېدى داۋۇت ئىمام ،— شەھەر كوچىلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىغا يارلىق چاپلىتىپ ، «كىمكى سادىرنىڭ جەسىتىنى تاغ - تاشتىن تېپىپ

كېلىپ ، جامائەت زاراتكارلىقىغا دەپنە قىلسا ئۇ قاتتىق جازالىنىدۇ » دەپ جاكارلىدى ھەمدە كىشىلەرنىڭ شەھەر قوۋۇقلىرىدىن چىقىشىغا يول قويمىدى ، سېنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بولمىدى . ئۈچ كۈن بۇرۇن تۈن كېچىدە بىرسى ئىشىكنى قاقتى ، مەن تۈن كېچىدە ئىشىكنى قاققان كىمدۇ ، دەپ ھودۇقۇپراق ئىشىكنى ئاچتىم ، ئېچىپ قارىسام ئالىمجان تۇرىدۇ ، بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم . ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھەممە ئەھۋالنى ـ سېنىڭ كىملىكىڭنى ، ھايات ئىكەنلىكىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەردى . بۇ تاغ ئارىسىدا قاغانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىڭنى ، مېنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغانلىقىڭنى ئېيتتى . ناھايىتى خۇشال بولدۇم . ئەمما ، ئىنىمنىڭ قىيسىغدا ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەلەملىك ياش تۆكتۇم . . شۇنىڭغىچە ئىنىمنى قىيسىغدا بار ، دەپ ئويلايتتىم . ئەپسۇسكى ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ . ئەسلى مەن سېنىڭ تەكلىپىڭ بويىچە شۇ كۈنىلا بۇ يەرگە قايتىپ چىقسام ياخشى بولاتتى ، بىراق ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئىنىمنىڭ قىيسىغدا ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلماي ، ئۇنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويماي چىقىشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئالىمجاننى قايتۇرۇۋېتىپ ، ئەتىسى سەھەردىلا قىيسىغقا بېرىپ ، ئىنىمنىڭ جەسىتىنى تەلەپ قىلدىم . ئۇلار قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى دەرياغا ئېقىتىۋېتىپتۇ . ئاخىر ھەسرەت بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، ئىنىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جامائەتكە ئاڭلاتتىم ، ئۆيدە چوڭ يىغا بولدى . .

ھاشىخانغا خەۋەر قىلمايلا ، ئىنىمنىڭ ئۈچ نەزىرىسىنى ئاددىيلا قىلىپ ئۆتكۈزدۈم . شۇ كۈنى ئىشلارنى يىغىشتۇرۇپ ، ئەتىسى سەھەردە بۇ يەرگە ماڭاي ، دەپ تۇرسام ، زالىم يەنىلا ئاباگى ئۆيگە ئىككى دورغا ئەۋەتىپتۇ . ئۇلار ماڭا باسقاقبەگ مەھكىمىسىگە بارىسەن ، دېيىشتى . باسقاقبەگ مەھكىمىسىگە

بارسام ، تاش قەلئەدىكى چوڭ - كىچىك موللىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك يىغقانىكەن . يەنلىغ ئاباگى دېگەن لەنتى موللىلارغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزگە سالغان زۇلمى ئاز دەپ ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ ، بۇددا دىنىغا كىرىشىشىڭلار لازىم ، دەپ جۆيلۇۋاتقانىكەن . ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى ، گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇۋېلىشتى . يەنلىغ ئاباگى شەھەردىكى داڭلىق داموللا - سۇلتان دامولىنى ئىسلام دىنىدىن ياندۇرسام ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دىندىن چىقىدۇ ، دەپ ئويلىدىمۇ ، قانداق ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ بۇددا دىنىغا كىرىشكە زورلىدى ، لېكىن سۇلتان دامولام ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى . ئۇ قەتئىي قىلىپ ۋە غەزەپ بىلەن : «كاللامنى ئېلىۋەتسەڭمۇ دىنىم ئىسلامدىن ھەرگىز يانمايمەن ، سېنىڭ بۇددا دىنىڭغا ھەرگىز كىرمەيمەن !» دېدى . ئۇنىڭ سۆزى يەنلىغ ئاباگىنى چىچاڭشىتىۋەتتى ۋە ئۇ بەگ ئاخىر سۇلتان دامولامنى قىيسىغنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلاپ ئېسىپ قويۇشقا ئەمىر قىلدى . چېرىكلەر ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ ، ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ ، ئالىقانلىرىدىن ، قۇلىقىدىن قىيسىغ دەرۋازىسىغا تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلىۋەتتى . دامولام يەردىن ئىككى - ئۈچ غېرىچچە كۆتۈرۈلۈپ مىخلانغاچقا سوزۇلۇپ كەتتى . قىيسىغنىڭ ئاپئاق تېرەك شېلىدىن قىلىنغان دەرۋازىسى ئۇنىڭ قۇلاق ۋە ئالىقانلىرىدىن ئاققان قانلار بىلەن قىپقىزىل بويالدى . ئەمما ، دامولام ئۆلۈمدىن قورقماي : «ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ، ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار ! يەنلىغ ئاباگى دېگەن ياۋۇزنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ ، بۇتپەرەسلەردىن بولۇپ كەتمەڭلار ! خۇدادىن قورقۇڭلار . . .» دەپ ۋارقىراپ تۇردى . دامولامنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ خالايىق ھۆركىرەپ يىغلىشىپ كەتتۇق . ئەمما ، رەھىمسىز يەنلىغ ئاباگى پۇقرالارغا قاراپ : «ئى تاش قەلئە پۇقرالىرى ، ـــ دېدى يۇقىرى ئاۋازدا

تولاپ ۋە توت مۇسۇلمان يىگىتى كۆتۈرۈپ تۇرغان تەخترىۋاندا ئولتۇرغان پېتى ، ـــ مەن ئۆزۈم ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەرقانداق شەھەردە قول ئاستىمدىكى پۇقرالىرىمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويمايمەن ، شۇڭا ھەممىڭلار ئۆز دىنىڭلاردىن يېنىپ ، مېنىڭ بۇتلىرىمغا باش ئۇرۇڭلار ! يەنە ياق دېسەڭلار ، سىلەرنىمۇ ماۋۇ جاھىل ئىمامىڭلارغا ئوخشاش جازالايمەن ، ھەتتا ئۇنىڭدىن دەھشەتلىك جازالايمەن ! . . »

لېكىن ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچكىم قورقۇپ كەتمىدى ، بەلكى «ئىسلام دىنىمىزدىن يانمايمىز ، بۇتقا چوقۇنمايمىز… » دەپ ۋارقىراشتۇق ۋە داموللامنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدۇق . چېرىكلەر بىزنى توسۇۋالدى . بىز ئۇلارنى ، ئۇلار بىزنى ئىتتىرىۋاتقاندا ، يەنلىغ ئاباگى بىزنى قىرغىن قىلىشقا ئەمىر قىلدى . چېرىكلەر بىزنى قامچىلاشقا باشلىدى ، بەزىلەرگە نەيزە سانجىدى ، بەزىلەرگە قىلىچ چاپتى . يەنلىغ ئاباگىنىڭ بۇ ياۋۇزلۇقىنى كۆرۈپ ، تەخترىۋان كۆتۈرۈپ تۇرغان توت يىگىتنىڭمۇ غەزىپى قايناپ ، ئۇنى تەخترىۋان بىلەن يەرگە دۈم تاشلاپ ، دەسسەشكە باشلىدى . بىراق ، يەنلىغ ئاباگىنى قوغداپ تۇرغان جاللاتلار ئۇ بىچارىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالدى . ھەش - پەش دېگۈچە چېرىكلەر گويا كۆنىكى بۇزۇلغان ئۇششۇك ھەرىدەك يامۇل ئىچىدىن يامراپ چىقىپ ئەتراپقا يېيىپ كەتتى . مەيدان ئىچىنى «ۋايجان ، ۋايەي ، ھۇ يەنلىغ ئاباگى دېگەن قانخور جاللات ! » دېگەن سادا ، قىيا - چىيا قاپلاپ كەتتى . مەن كەينىمگە يېنىپ ، قاچماقچى بولۇۋىدىم ، ئىككى چېرىك تۇتۇۋېلىپ ، قولاق ، بۇرنۇمنى كېسىپ تاشلىدى . مەن ئازراق مېڭىپ بىھوش بولۇپ دۈم چۈشتۈم . . .

ـــ ئاھ ، بىچارە قېرىنداشلىرىم ! ـــ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى قادىرخان داۋۇت ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈپ ، ـــ بۇ ياۋۇز قاراقىتانلار بىزگە نېمانچە كۆپ جەبىر - زۇلۇم سالىدۇ -

ھە؟! بۇ ياۋايى توڭگۇزلارنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا ئەجەبمۇ خارلىنىپ كەتتۇق، ھايۋانمۇ بۇنچىلىك خارلانماس! خەپ لەنىتى چىل بۆرىلەر، سەنلەردىن پات ئارىدا قىساس ئالمايدىغان بولسام!
خان چېدىر ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ شۇنچىلىك غەزەپكە كەلگەنىدىكى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، بۇركۈتنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. چىشلىرىمۇ غۇچۇرلاپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ كەتكەنىدى...
ــ ئاخىر قانداق بولدى، داۋۇت ئاكا؟ ــ دەپ سورىدى غەزەپتىن قانلىرى قىزىپ كەتكەن ھاپىز يۇغرۇش.
ــ ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى داۋۇت ئىمام، ــ مەھكىمە ئالدىدىكى مەيدان جەسەتكە توشۇپ كېتىپتۇ. جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۆمۈلەپ يۈرۈپ، بىر دالدىغا ئۆتتۇم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم. قارىسام ئەتراپتا ھېچكىم يوق، چېرىكلەر كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن دالدا جايلاردا مېڭىپ، ئۆيگە بېرىۋالدىم. بالىلىرىم، ئانىسى مېنى كۆرۈپ يىغلىشىپ كەتتى. مېنى يۆلەپ، ساراي ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇشتى. ئوغلۇم ئەتراپتىكى تۆمۈرچىلەرنىڭ بىرىنىڭ دۇكىنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، دانىكا ئېلىپ كەلدى ۋە ئوچاقتا بىر تۆمۈرنى قىزىتىپ، دانىكا بىلەن قولاق، بۇرنۇمنى داغماللاپ، قاننى توختاتتى... شۇ ھالدا ياتسام، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ئۆيگە تۇيۇقسىز ۋاھىت تىلماچ كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا مەن بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى ۋە «ھايات قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، ھاشىمبەگ سىزنى باسقاق بەگكە چاقتى ھەم سىزنى بوگۇن كەچقۇرۇن تۇتۇپ دەرياغا تاشلىماقچى بولۇشتى... مەن سىزگە باسقاقبەگنىڭ نامىدا قوشنا شەھەردىكى يۇلىچقا كۆرۈنۈپ كېلىش خېتى يېزىپ كەلدىم، بۇ خەت بىلەن غەربىي دەرۋازا ئارقىلىق شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقالايسىز. سىز تېزدىن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىڭ» دەپلا

خەتنى ماڭا بەردى ـ دە ، كېتىپ قالدى . ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆيدىكىلەرگە «مېنى بىر كىم ئىزلەپ كەلسە ، تۇنۇگۇن يامۇلغا كەتكەن ، تېخى قايتىپ كەلمىدى» دەڭلار ، دەپ ئېيتىشكىمگە مىندىم ۋە ماۋۇ ئوغلۇم بىلەن بىللە بۇياققا راۋان بولدۇم . هازىر شەھەردە ، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئۆيدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، بۇنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ .

ـــ داۋۇت ئاكا ،ـــ دېدى هاپىز يۇغرۇش ئىمامدىن كېيىن سۆز ئېلىپ ،ـــ ئاشۇ ۋاهىت تىلماچ ئابدۇسەمى تىلماچقا ئوخشاش ناهايىتى ياخشى ئادەم بولدى جۇمۇ ؟ قارىماسىز ، ئۇمۇ نۇرغۇن ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلدى .

ـــ شۇنى دېگىنە ئۇكا ،ـــ دېدى داۋۇت ئىماممۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ،ـــ ئەسلى ئۇنىڭ ئاتىسى ئوقۇمۇشلۇق ، ئوبدان ئادەم ئىدى ، ئۇ ئاتىسىنى تارتتى . . .

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەي دەپ تۇرۇشىغا بارگاھ ئالدىدا چاۋاك چېلىندى . قادىرخان كىرىشكە ئىجازەت بەردى . ئۆي ئىچىگە يۇگۇرگەن كىرىپ ، سۇباشى بىلەن مىڭبېگىنىڭ شەھەردىن قايتىپ چىققانلىقىنى خەۋەر قىلدى . خان كىرىشكە ئىجازەت بەردى .

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قادىر قاغان !ـــ دەپ سالام قىلدى سۇباشى خانغا .

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام !ـــ دەپ جاۋاب سالام قىلدى خان ۋە ئۇلارنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى ،ـــ كۆرگەنلىرىڭلارنى تەپسىلىي سۆزلەڭلار .

ـــ بىز يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى ئىنىكئاننىڭ دېگىنى بويىچە ئىزلەپ ئاخىر تاپتۇق ،ـــ دېدى سۇباشى ،ـــ يەر ئاستى يول ئوردا ئاستىغا بارغاندىن كېيىن ، ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن ، ئوڭ تەرەپتىكى يول توختىغان يەرگە بېرىپ قۇلاق سالساق ، ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . شۇڭا ، ئۇنىڭ

ئۈستىگە چىقمىدۇق . سول تەرەپتىكى يول توختىغان يەردە ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىساق ، ئۇ راستتىنلا ياراغ ئامبىرى ئىكەن . بىز سىزنىڭ ئەمرىڭىز بويىچە قوراللاردىن بىر تالمۇ ئالماي قايتىپ كەلدۇق .

— بۇنى ناھايىتى ياخشى قىلىپسىلەر ، سۇباشى ، — دېدى قادىرخان ئۇلاردىن مەمنۇن بولغان ھالدا ۋە ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان ھاپىز يۇغرۇشقا قاراپ ئېيتتى ، — مېنىڭچە ، بىز بۈگۈن ئاخشاملا شەھەرگە كىرىپ ، ياغىلارنىڭ ياراغلىرىنى بىرنى قويماي بۇلاپ چىقايلى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياراغلار بىلەن لەشكەرلەرنى قوراللاندۇرۇپ ، يەنلىغ ئاباگى بەگكە قارشى ئۇرۇش قىلايلى ! بۇ پىكرىمگە قوشۇلامسىلەر ؟

— قوشۇلىمەن ! — دېدى ھاپىز يۇغرۇش كەسكىن قىلىپ ، — بۇ ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى .

— سىلەرچۇ ؟ — دېدى قادىرخان سۇباشى بىلەن مىڭبېگىگە قاراپ .

— بىزمۇ قوشۇلىمىز ! — دېدى ئۇلارمۇ تەڭلا

— يەنە بىرى ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى خان ، — سىلەر سۇباشى بىلەن مىڭبېگى ئادەم بار ئۆيگە پەم بىلەن چىقىپ ، ئۇلارنىمۇ بۇلاپ چىقىڭلار ، بىراق ھەر ئىككى ئىشتا قىلچىمۇ يوچۇق قالمىسۇن .

— ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ نېمە قىلىمىز ؟ — دەپ سورىدى يۇغرۇش خاننىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ .

— نېمە قىلاتتۇق ؟ — دېدى خان ، — ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەيمىز ، قانداق قوشۇلامسىلەر ؟ !

— قوشۇلىمەن ! — دېدى يۇغرۇش خاننىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن مەمنۇنلۇق بىلەن .

— يەنە بىرى ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى خان ، — داۋۇت

ئاكام بىزگە شەيخۇلئىسلام بولسا، قانداق قارايسىلەر؟

— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، — دېدى يۇغرۇش، سۇباشى ۋە مىڭبېگىلەر تەڭ جاۋاب قايتۇرۇپ، — داۋۇت ئاكام شەيخۇلئىسلام بولسا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئادىل بولۇشىدا گەپ يوق.

شۇنداق قىلىپ، داۋۇت ئىمام شەيخۇلئىسلام بولىدىغان بولدى، شاھ بۇ ئىشنى جاكارچى ئارقىلىق لەشكەرلەرگە يەتكۈزۈشنى ئەمر قىلدى.

## 7

قۇياش قارلىق تاغقا باش قويغانىدى. كەچكى شەپەق نۇرىدا تاغنىڭ ئاقۋاش چوققىلىرى گويا ئالماستەك يالتىراپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ياز ئايلىرى كىرىپ قالغاچقا قارلىق تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايدا ئېقىۋاتقان سۇ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەردىكى ھەرقايسى تارماق جىرالاردىن چۇشۇۋاتقان قار سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلۇغ ئېقىن ھاسىل قىلىپ، مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى. . .

دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چىغىر يولدا، سۇباشى بىلەن مىڭبېگى باشچىلىقىدىكى ئۈچ يۈز لەشكەر ھەر ئون ئادەم ئارىلىقىدا بىردىن ئوت يېقىلمىغان مەشئەللەرنى كۆتۈرگىنىچە رەتلىك تىزىلىپ، تاش قەلئەگە قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار گاھىدا جەنۇب تەرەپتىكى جىرالاردىن چۇشۇۋاتقان قار سۇلىرىنى ئاتلاپ ئۆتسە، گاھىدا كېچىپ ماڭاتتى. ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، جەنۇب تەرەپتىكى بوك - باراقسان قارىغايلىققا قايرىلدى. لەشكەرلەر قارىغايلىق ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، يولدىكىدەك رەتلىك ماڭالمىغاچقا، تارقىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. سۇباشى بىلەن مىڭبېگى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ

ماڭماقتا ئىدى . ئۇلار قارىغايلىق ئىچىدە بىر پەس ماڭغاندىن كېيىــــن ئاندا ـ ساندا چوڭ ـ چوڭ توغراقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئاخىر سۇباشى شاخ ـ شۇمبىلىرى پۇتۇنلەي كۆيۈپ كەتكەن ، ئىچى كاۋاك بىر كونا توغراق تۈۋىگە كېلىپ توختىدى :

ــ شەھەرگە كىرىدىغان يەر ئاستى يولىنىڭ ئېغىزى مانا مۇشۇ ،ــ دېدى ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ تۇرغان لەشكەرلەرگە قاراپ ،ــ بەلگىلــمە بويىـــچە قولۇڭلاردىكــى مەشئەللەرگە يەر ئاستىغا چۈشۈپلا ئوت يېقىپ ، بىزگە ئەگىشىپ تېز مېڭىڭلار !

ئۇ شۇنداق دەپلا قولىدىكى مەشئەلگە ئوت يېقىپ بىرىنچى بولۇپ كاۋاك توغراق ئۇستىگە چىقىپ يەر ئاستىغا كىــرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىڭبېگى ۋە باشقىلارمۇ بىــر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن چۈشۈشكە باشلىدى .

يەر ئاستى يول خېلىلا كەڭرى ئىدى . ئۇنىڭدا ئىككى ئادەم قاتار ، ئۆرە تۇرۇپ ماڭغىلى بولاتتى . ئادەملەرنىڭ ھىدى ، ئاياغ تىۋىشىنــــى سەزگەن دۆ ، چاشقانلار ھەر تەرەپكە قېچىــــپ يۈرۈشەتتى . گاھىدا چاشقانلار لەشكەرلەرنــــىڭ ئاياغلىــــرىدا دەسسىلىپ ، ئەنسىز كىسىرلايتتى ، گاھىدا ئۆمۈچۈك تورلىرى يىگىتلەرنىڭ يۈزلىرىگە چاپلىشىپ قالاتتى . بەزىدە لەشكەرلەر يالمانلارنىڭ دۈۋۈلىۋەتكەن توپىلىرىنى ئۇشۇققــچە كېچىــپ ئۆتەتتى . ئەڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان سۇباشى شۇ تاپتا شۇنچىلىك روھلۇق كېتىپ باراتتىكى ، ئۇ ھازىر ياغىلار چاڭگىلىدىكــى ياراغلارنى بۇلىغىلى ئەمەس ، بەلكى توي ، مەشرەپكە ماڭغاندەك ئىدى . . .

ئۇلار ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئوردا ئاستىغا يېتىپ باردى . سۇباشى ياراغ بار ئۆينىڭ ئاستىغا بارغاندا ، قولىدىكى مەشئەلنى ئۆچۈرۈپ ، ئۇنى مىڭبېگىگە بەردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇستىگە چىقىش ئېغىزىدىكى تۆت چاسا ، قىپقىزىل خىشنى كۆتۈرۈپ ،

ئاستا ئۆڭ تەرەپكە سۇرۇپ قويدى. قاپقاق ئېچىلىش بىلەن رۇجەكلەردىن چۇشۇۋاتقان ئاي نۇرى تۆشۈك ئېغىزىدىن يەر ئاستىغا چۈشتى. سۇباشى لىككىدە سەكرەپ ئۇستىگە چىقتى، ئارقىدىن مىڭبېگى چىقتى...

خان سارىيى ھەرقايسى رۇجەكلەردىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۇ ياسىنخان دەۋرىدىكىدىن ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمىگەنىدى، ئۆيگە ياتقۇزۇلغان تۆت چاسا خىشلار شۇ پېتى تۇراتتى، تاملارمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىدى، پەقەت تاملارنىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى سۇۋاقلار تۆكۈلگەنىدى.

خان سارايىنىڭ شەرقىي تېمىغا پۇتۇنلەي ئىرغاي ساپلىق نەيزىلەر تېرەپ قويۇلغان، غەربىي تېمىغا ئوقيا، قالقان، قىلىچ ۋە كۆيدۇرگۈچى ئوقلار (قاراماي قاچىلانغان ھەرخىل تۇڭلار) ۋە ئېگەر ـ جابدۇقلار، جەنۇبىي تەرەپتىن تاكى شىمالىي تەرەپتىكى ئىشىككە قەدەر بولغان ئارىلىققا بىر قەدەم كەڭلىكتە ئارىلىق قالدۇرۇپ، تامغا قىلىچ، قالقانلار يۆلەپ قويۇلغانىدى.

سۇباشى شەپە چىقارماي مېڭىپ، ساراي ئىشىكىنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇلاق سالدى، سىرتتا غەيرىي ئاۋاز يوق ئىدى. ئۇ يەنە ئاستا ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىپ، يەر ئاستىدىكى ئىككى يۇزبېگىنى ئۇستىگە چىقىشقا ئەمىر قىلدى. ئۇلار چىقىپ بولغاندىن كېيىن سۇباشى يەر ئاستىغا قاراپ:

— ئوسمان يۇزبېگى، — دېدى پەس ئاۋازدا، — سىلەر بىز سۇنغان قورالارنى جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋاز چىقارماي بىردىن تىزىلىپ، ئىمكانقەدەر يىراققا توشۇڭلار...

سۇباشىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا مىڭبېگى بىلەن يۇزبېگى ياراغلارنى يەر ئاستىغا سۇنۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى «چاشقاندىن يەڭگىل، ئارسلاندىن چاققان» بولدى. ئۇلار ئالاھەل بىر ئاش پىشىمدا قورالارنى يەر ئاستىغا سۇنۇپ بولدى ـ دە، ياغىلارنىڭ ياراغ ئامبىرىنى قۇپقۇرۇق قىلىپ

قويدى . سوٰباشى ھەممىنىڭ كەينىدە يەر ئاستىغا چوٰشوٰپ ، قاپقاقنى بوٰر وٰنقىدەك ، ھېچكىم بىلەلمىگوٰدەك قىلىپ ئەتتى . بوٰ چاغدا يەر ئاستىدىكى لەشكەرلەر ئوسمان يوٰزبېگىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاخىرقى قورالالارنى يىراق جايلارغا توشوٰۋاتاتتى . مەشئەللەر يەر ئاستى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا ئارىلىق قالدوٰروٰپ قادالغانىدى .

سوٰباشى مىڭبېگى بىلەن سەككىز لەشكەرنى باشلاپ ، ئوٰڭ تەرەپتىكى يەر ئاستى يول بىلەن يوٰروٰپ كەتتى ۋە توٰنوٰگوٰن يەر ئاستى يولىغا چوٰشوٰپ تەكشوٰروٰپ كۆرگەندە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان جايغا بېرىپ توختىدى .

سوٰباشى بىر مىنوٰت ئەتراپىدا قوٰلاق سېلىپ جىم توٰردى . ئوٰستى تەرىپى جىمجىتلىق ئىدى . مەشئەل يور وٰقىدا يەر ئاستى يولغا چوٰشوٰش ئېغىزى ئېنىق كۆروٰنوٰپ توٰراتتى . بوٰ ئېغىزموٰ خان سارىيىدىكى يەر ئاستى يولغا چوٰشوٰش ئېغىزىغا ئوخشاشلا توٰت چاسا خىش ئىدى . سوٰباشى خىشنى ئاستا كۆتوٰروٰپ ، بىر تەرەپكە سوٰردى . يەر ئاستى يولىنىڭ ئېغىزى دەل بىر كارىۋاتنىڭ ئاستىغا توغرا كەلگەنىدى . ئېغىز ئېچىلىش بىلەن بىرسىنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى . سوٰباشى بىر پەس تىڭشىغاندىن كېيىن پوٰتىدىكى چور وٰقنى سېلىپ ، ئاستا ئوٰستىگە چىقتى . روٰجەكتىن چوٰشوٰپ توٰرغان ئاي نوٰرىدا ئۆي ئىچى غوٰۋا يوروٰپ توٰراتتى . ئوٰ كارىۋات ئاستىدىن ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ ، ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى . ئۆيگە ئوٰچ يەرگە كارىۋات قويوٰلغان بولوٰپ ، بىر كارىۋات بوش ئىدى ، ئىككى كارىۋاتتا بىر جوٰپ ئەر - خوتوٰن ياتاتتى .

سوٰباشى ئىتتىك يەر ئاستىغا قايتىپ چوٰشتى . ئوٰ مىڭبېگى بىلەن لەشكەرلەرنى ئېغىزدىن يىراقلىقراق تارتىپ توٰروٰپ :

— يىگىتلەر ، — دېدى پەس ئاۋازدا ، — ئۆي ئىچىدە ئىككى جوٰپ ئەر - خوتوٰن بار ئىكەن . ئەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن قارىغاندا ئەمەلداردەك قىلىدوٰ . بىز ئوٰستىگە

چىققاندىن كېيىن شەپە چىقارمايلا بېرىپ ئۇلارنى باسمادىۋالايلى ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا ماز تىقىپ ، قوللىرىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ ، سۆرىگەن پېتى يەر ئاستىغا چۈشۈرەيلى ، ئۇقتۇڭلارمۇ ؟

— ئۇقتۇق ! — دېدى مىڭبېگى بىلەن لەشكەرلەر پەس ئاۋازدا .

سۇباشى بېشىنى لىڭشىتىپ «قېنى ماڭايلى» دەپ ئىشارەت قىلىپ ، يەنە بىرىنچى بولۇپ تۆپىگە چىقتى . ئارقىدىن مىڭبېگى ، ئۇنىڭدىن كېيىن لەشكەرلەر چىقتى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ھەر بىر كارىۋات ئالدىدا تۆتتىن لەشكەر تەق بولدى ۋە سۇباشىنىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن كارىۋاتتا ياتقانلارنى بېسىۋېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىغا ماز تىقىپ، قوللىرىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاشقىمۇ دەقىقە ۋاقىت كەتمىدى . ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك تېز بولدىكى ، كارىۋاتتا ياتقانلاردىن بىرىمۇ زۇۋان چىقىرالمىدى ، ھەتتا ئۇلار نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قېلىشتى ، يەر ئاستىغا چۈشكەندىلا يۈز بەرگەن ئىشلارنى چۈشىنىشتى . بىراق ، ئۇلار كېچىككەندى . لەشكەرلەر ھەر خىل ئېھتىمالغا قارشى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ماتا ياغلىقلار بىلەن تېڭىپ بولغۇچە سۇباشىمۇ يەر ئاستى يولىنىڭ ئېغىزىنى بۇرۇنقىدەكلا ئېتىپ قويۇشقا ئۈلگۈردى .

## 8

تاڭ ئاتتى . . .

يەنلىغ ئاباگى بەگ بۇ كېچىمۇ راۋاقنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئىككى چۆرە قىز بىلەن بىللە قونۇپ قالغانىدى . ئۇ قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى قارىغايلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ، يۈز -

كۆزلىرىگە چۈشكەندىن كېيىنلا «ئەيىيا، ئەيىيا» دېگىنىچە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاخشامدىن بېرى ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ، چارچىغانلىقتىن سەھەرگە يېقىن كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن بىر جۈپ قىزمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى - دە، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدۈردى ۋە ئۇنى يۆلەپ كاتتىن چۈشۈردى. ئۇ كاتتىن چۈشۈپ ئەسنەپ كېرىلدى، ئارقىدىن راۋاقنىڭ شەرقىي سوقمىسىنى تۇتۇپ، ئادىتى بويىچە ئىگىشىپراق قارىغايلار ئارىسىدىكى يوچۇقلاردىن قەلئەگە قارىدى. شەھەر كوچىلىرىدا پۇقرالار ھارغىن ھالەتتە ھەر تەرەپكە كېتىپ بېرىشاتتى، ئۇ قىسقا بويىنىنى ئۇزارتىشقا ھەرىكەت قىلغاندەك كالتە، دىقماق گەۋدىسىنى، چۆچۈرە قۇلاقلىق كىچىككىنە سوقىچاق بېشىنى راۋاقتىن خېلىلا سىرتقا چىقىرىپ، يىراقلارغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ يۈزى قارا بولۇپ، تۈكسىز قاشلىرى ئاستىدىكى چارىدەك كۆزلىرىنى توختىماستىن چىمچىقلىتاتتى. ئۈشكىنىڭكىدەك ساقىلىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئوڭ قولىدا سىلاپ قوياتتى. ئۇ ئۈستىگە قارا دۈردۈندىن كالتە كەمزۇل ۋە تامبال كىيگەن بولۇپ، دۈم كۆمتۈرۈلگەن تەڭلىدەك يوغان قورسىقى تۆۋەنگە ساڭگىلىغانىدى.

ئۇ شەھەرگە شۇ پېتى بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، كۆزلىرى تېلىپ كەتتىمۇ، قانداق، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، ئىككى تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرغان ئىككى قىزغا بىر قۇر نەزەر سالدى. ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن ئايپاق قىزنىڭ ئىگىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېگىشتى. قىز بولسا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بەتبۇيىدىن كۆڭلى ئېلىشىپ يىرگىنىپ، بېشىنى ئارقىسىغا ئېلىپ قاچتى. لېكىن، يەنىلا ئاباگى بەگ كاپلا قىلىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بېلىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا تارتتى، قىز لاغىلداپ تىترەپ،

چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئەمما ، دەل شۇ چاغدا بىرىنچى قەۋەت ئىشىك ئالدىدا تۇيۇقسىز قاتتىق چىلىنغان چاۋاك ئاۋازى ئۇنى ئۆز نىيىتىدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى .

ئۇ قىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن بېشىغا باسقاقبەگلىك تاجىسىنى كىيىپ ، ئۇستىگە قارا نىمچىسىنى ئارتىپ ، تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشمەكچى بولۇپ ماڭدى .

ئۇنى ئەمىرخانىدا يەنلىغ خاشى بىلەن يەنە بىر مىڭبېگى كۈتۈۋالدى . ئۇلار باشلىرىغا مىڭبېگىلىك قارا قالپاق ، قارا يىپەكتىن ئۇزۇن نىمچە ، پۇتىغا لاتا خەي كىيگەنىدى . ئۇلار يەنلىغ ئاباگى ئالتۇن كۇرسىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى . يەنلىغ ئاباگى چاۋاك چالدى :

— داد ، بەگ ئاتا ! — دېدى ئىجازەتتىن كېيىن ئەمىرخانىغا كىرىپ كەلگەن مىڭبېگى ھولۇقۇپ تۇرۇپ .

— سۆزلە ! — دېدى يەنلىغ ئاباگى ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— بەگ ئاتا ! كېچىدىن بېرى مىڭبېگى بىلەن ھاشىمبەگ «كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى» دىن بىر جۈپ قىز بىللە بىللە يوقاپ كېتىپتۇ ، — دېدى مىڭبېگى ۋە بىردىن كېكەچلەپ قالدى ، — يەنە… يەنە…

— يەنە نېمە بولدى ؟ دۇدۇقلىماي سۆزلە ! — دېدى يەنلىغ ئاباگى تېرىكىپ .

— يەنە ياراغ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدىكى ياراغلارنىڭ ھەممىسى يوق تۇرىدۇ !

— ھە ؟ ! — دېدى يەنلىغ ئاباگى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ، — تەكشۈردۈڭلارمۇ ، يوق ، ياراغلار قانداقسىگە يوقلىپ كېتىدۇ ؟

— تەكشۈردۇق ، بەگ ئاتا ! — دېدى مىڭبېگى تىترەپ تۇرۇپ ، — بىراق قانداق يوقلىپ كەتكەنلىكىنى زادى

بىلەلمىدۇق . چۈنكى ، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى ئىچى تەرەپتىن تاقاپ قويۇلغانىكەن ، ياراغ ئۆيى بولسا ئالدى تەرەپتىن قۇلۇپ سېلىنغان پېتى تۇرۇپتۇ . ئەتراپلاردا ھېچقانداق غەيرىي ئىز يوق . يەنە تېخى . . .

— بولدى ، سۆزلىمە ! — دېدى بەگ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ . ئۇ ئەمىرخانا ئىچىدە قولىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى ، — بۈگۈن كېچە ئۇ ياراغ ئۆيىنى كىم باققان ؟ سەن ئۇلارنى دەرھال ھۇزۇرۇمغا ھازىر قىل !

— خوپ بەگ ئاتا !

مىڭبېگى شۇنداق دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى . باسقاقبەگ ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ غەزەپتىن تىترەپ ، بىر ئىزىدا تۇرالماي ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ غولىدىن تۇتۇپ تۇرغان قىزلارمۇ قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى .

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى مىڭبېگى ئۈچ چېرىكنى ئالدىغا سېلىپ ئەمىرخانىغا ئېلىپ كىردى . چېرىكلەر كىرىپلا يەنىلا ئاباگىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ :

— بەگ ئاتا ، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ! بەگ ئاتا ، بىزنى كەچۈرسىلە ! — دەپ يىغلىشىپ كەتتى .

— ئورنىڭدىن تۇرۇش نان قېپىلار ! — دېدى بەگ دەرغەزەپ بىلەن چېرىكلەرگە قاراپ ، — سەن نان قېپىلار كېچىدىن نېمە ئىش قىلدىڭ ؟

— بى… بىز… بەگ… ئا… تا ! ئۇخ… لاپ… تىمىز ! — دېدى چېرىكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تىترەپ تۇرۇپ .

دېمىسىمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇلار بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن كېچىدە نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسى كەلگەندە بىرلا ئايلىنىپ قويۇپ ياتىقىغا كىرىپ ئۇخلايتتى ، چېرىكلەر ئاخشاممۇ ئادىتى بويىچە شۇنداق

قىلغانىدى . ئۇلارنىڭ نۆۋەتچىلىك قىلماي ئۇخلىغانلىقىنى ئاڭلاپ يەنلىغ ئاباگىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ ، قۇيقا چاچلىرى تىكلىنىشىپ كەتتى ـ دە ، دەرھال :

— جاللات ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— لەببەي ، ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن بەگ ئاتا .

جاللات شۇنداق دېگىنىچە قېنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى ئەمىرخانىغا كىرىپ كەلدى .

— مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىپ ، ۋەزىپىسىنى ئۇبدان ئورۇنلىمىغان ماۋۇ نان قېپىلارنىڭ كاللىسىنى ئال !

— خوپ ، بەگ ئاتا !

جاللات ئۈچ چېرىكنى يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي گەجگىسىدىن ئىتتىرگىنىچە ئەمىرخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

— يەنلىغ خاشى مىڭبېگى ! — دېدى يەنلىغ ئاباگى بەگ دەرغەزەپ بىلەن ، — پۈتۈن شەھەر ۋە يېزىلار قاتتىق تىنتىش قىلىنسۇن !

— خوپ ، بەگ ئاتا !

يەنلىغ خاشى مىڭبېگى شۇنداق دەپلا ئەمىرخانىدىن چىقىپ كەتتى .

9

لەشكەرلەر قادىرخانىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇلاپ چىققان ياراغلارنى ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئاۋۇل ئالدىغا توشۇپ بولدى . ياراغلار بىلەن بىرگە بۇلاپ چىققان ئادەملەرنى بولسا ، قارىغايلارغا چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتتى . خان ياراغ ۋە ئادەملەرنىڭ خەتەرسىز ئېلىپ چىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال

بولدى . قوراللارنى ھەرقايسى يۈز بېگىلىرىگە مۇۋاپىق بۆلۈپ بېرىپ ، ئېشىپ قالغانلىرىنى تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇپ قويۇشنى ئەمىر قىلدى . ھاپىز يۇغرۇش بىلەن زايىت سۇباشى لەشكىرى تەلىماتنى يامان ئەمەس بىلەتتى ، ئۇنىڭدىن باشقا قادىرخاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلغانلار ئىچىدە ئاتىسىغا لەشكەر بولغانلارمۇ بار ئىدى . ئۇلارمۇ يۇغرۇش بىلەن سۇباشىغا ياردەملىشىپ ، شۇ كۈنىلا لەشكەرلەرگە لەشكىرى تەلىمنى ئۆگىتىشنى باشلىۋەتتى . ئۇلار ئات مىنىش مەشقىدە ئاۋۇلدا بار ئاتلاردىن پايدىلاندى . لەشكەرلەر نەيزە ، قىلىچۋازلىق ، ئوقيا ئېتىش مەشقلىرىگە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى .

قادىرخان شۇنىڭدىن كېيىن ، يۇغرۇش ، توكسىن ، شەيخۇلئىسلام ، سۇباشى ۋە مىڭبېگىلەر بىلەن بىرگە قاغان كېڭىشى ئۆتكۈزدى . ئۇ بۇ قېتىمقى كېڭەشتە قەلئەدىن بۇلاپ چىققان ئادەملەرنى سوراق قىلىشنى كېلىشتى . ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى تېڭىقلار تېخىچە يېشىلمىگەنىدى . ئۇلار خاننىڭ چېدىرىغە ئېلىپ كىرىلىپ ، يۈزلىرىدىكى لاتىلار ئېلىۋېتىلدى .

خان ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىلگەن ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى ھاشىمبەگ ئىدى . ئۇنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويغان ماتا ياغلىق ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قېيىپ ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى . لېكىن ، ئۇنى يېنىدىكى ئىككى لەشكەر دەرھال يۆلىۋالدى . ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئېسىنى يىغىپ كۆزلىرىنى ئاچتى . كۆردىكى ، كۆز ئالدىدا ئۆزىگە تونۇش بولغان ئەشەددىي رەقىبلىرى تۇراتتى . ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي «بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ» دەپ كۆزلىرىنى بىر قانچە قېتىم يۇمۇپ ئاچقاندىن كېيىن ، ئاخىر بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئوڭىدا بولۇۋاتقىنىغا ئىشەندى - دە ، قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ ، خاننىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە :

— جېنىم ئۇكام، بىلمەپتىمەن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن! — دېدى كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، — قىلغانلىرىمغا مىڭ توۋا قىلدىم، ئاتاڭ ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىمغا توۋا قىلدىم، ساڭا قىلغانلىرىمغا توۋا قىلدىم، بەندىچىلىك قىلىپ، ئېزىپ پوق يەپ ساپتىمەن، مېنى كەچۈر!...

شۇ تاپتا، قاتتىق غەزەپكە كەلگەن قادىرخاننىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى گويا شىنىدەك قېتىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتلىرىنى يالاپ يالۋۇرۇۋاتقان رەقىبىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرمىگەندەك، ئۇنىڭ ياش تۆكۈپ يىغلاشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك چېدىر ئىشىكىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى.

ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقان ھاشىمبەگ قادىرخاندىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئالدىغىمۇ تىزلاپ مېڭىپ بېرىپ، بىر - بىرلەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئاخىر ئۇ يەنە قادىرخاننىڭ ئالدىغا ئۆمۈلەپ بېرىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ گويا لالما ئىتلاردەك قادىرخاننىڭ پۇتلىرىنى يالايتتى، يۈز - كۆزلىرىنى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۈرتەتتى. ئۇ بىر ھازا شۇنداق قىلىۋىدى، قادىرخاننىڭ غەزىپى بىردىنلا پارتلىدى.

— ھۇ لالما ئىت، مېنىڭدىن نېرى تۇر! — قادىرخان ئۇنىڭ يۈزىگە چورۇقى بىلەن بىرنى تەپتى، — ساڭا ئوخشاش ئىپلاسنىڭ توۋىسىنى ئاللامۇ قوبۇل قىلمايدۇ، بىزمۇ گۇناھىڭنى ھەرگىز كەچۈرمەيمىز.

خاننىڭ غەزەپ بىلەن تەپكەن تېپىكى بىلەن تەڭ ھاشىمبەگنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى ۋە ئۇ يان تەرەپكە يىقىلىپ چۈشتى. بىراق، ئۇ يەنە ئۆمىلەپ بېرىپ، خانغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. خان بۇ قېتىم ئۇنى تەپمىدى، بەلكى

لەشكەرلەرگە قاراپ :

— بۇ نجىسنى ئارقىسىغا تارتىپ ، قىمىرلاتماي تۇتۇپ تۇرۇڭلار ! — دەپ ئەمىر قىلدى .

لەشكەرلەر ئۇنى ئارقىسىغا تارتىپ ، قولى ۋە مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ تۇردى . ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن توختىماستىن قان ئېقىۋاتاتتى .

— هاشىم ! — دېدى خان غەزەپ بىلەن ، — سەندىن بىر ئىشنى سورايمەن ، توغرىسىنى ئېيت ، ئەگەر يالغان سۆزلىسەڭ كاللاڭنى ئالىمەن ! ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ماقۇل ئۇكام ، ماقۇل ! — دېدى هاشىمبەگ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ ۋە ئاغزىدىكى قانلارنى تۈكۈرۈپ تۇرۇپ ، — ئۇكام ، مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىدىغانلا بولساڭ ، نېمە تەلىپىڭ بولسا ئورۇنداشقا تەييارمەن .

— سەن ئەسلى قەيەرلىك ؟ ! — دېدى خان غەزەپ بىلەن ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ .

— مەن . . . مەن . . . — دېدى هاشىمبەگ دۇدۇقلاپ ، — شاش شەهىرىدىن .

— يالغان ئېيتتىڭ ! — دېدى خان تېخىمۇ غەزەپ بىلەن .

— خۇدا هەققى ! — دېدى هاشىمبەگ ، — بۇ راست ئۇكام ، ئۆمرۈمدە يالغان گەپ قىلىپ باقمىدىم .

— يالغان ! — دېدى خان تېخىمۇ غەزەپ بىلەن ، — بەزىلەر سېنى ياسىن قاغان دەۋرىدە يۇغرۇش بولغان قاسىم دېگەن كىشى شۇ ، دەيدىغۇ ؟

— يوقسۇ ، يوقسۇ ئۇكام ، ئۇنداق ئەمەس ، بۇ پۈتۈنلەي تۆهمەت ! — دېدى هاشىمبەگ بىر ئاز تاتىرىپ ، — ئۇ كىشىلەر مېنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ قاپتۇ ، دۇنيادا مۇنداق ئوخشاشلىقلار ناهايىتى كۆپقۇ ئۇكام سادىر ، لېكىن مەن ئۇ كىشىنى تونۇمايمەن .

— گېپىڭ راستمۇ ؟
— راست .
— يالغان ئېيتقان بولساڭ ، قانداق قىلىسەن ؟
— كاللامنى ئالساڭ رازىمەن .
خان چاۋاك چالدى . ئۆيگە يۈگۈرگەن كىرىپ كەلدى .
— سەن دەرھال ئىنىكئانام سارىخاننى چاقىر ! — دېدى خان يۈگۈرگەنگە .
— باش ئۈستىگە خانزادەم !
يۈگۈرگەن چىقىپ كەتتى . ئۆي ئىچىنى قىسقا جىمجىتلىق باستى ، قادىرخاننىڭ «ئىنىكئانام سارىخاننى چاقىر» دېيىشى ، يۈگۈرگەننىڭ «سادىر» نى «خانزادەم» دەپ ئاتىشى ھاشىمبەگنى تېخىمۇ قورقۇنچقا سېلىپ قويدى ، ئۇنىڭ چىرايلىرى ئىختىيارسىز تاتىرىپ ، ئۆزى تېخىمۇ سولۇشۇپلا كەتتى . ئەمما ، يۆلەپ تۇرغان ئىككى لەشكەر ئۇنى بېقىنداپ ئۈستۈن قىلدى .
ئىنىكئانا ھايال بولماي كىرىپ كەلدى .
— ئانا ، — دېدى خان سالام - سائەتتىن كېيىن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ ۋە ھاشىمبەگكە روبرو قىلىپ ، — قاراڭ ، بۇ كىشىنى تونۇمسىز ؟
ئىنىكئانىنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تېخى كۆزلىرى روشەن ، زېھنىمۇ ياخشى ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ھاشىمبەگنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى .
— ھۇ ئۆلۈكىنى ئىتمۇ يېمەيدىغان تۈزكور مۇناپىق ! — دېدى ئىنىكئانا ھاشىمبەگنىڭ گېلىغا ھاسىسىنى تېرەپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ، — سەن تېخى ھايات ئىكەنسەن - دە ، ئىپلاس ! سېنى تالاي يىل ئىزلەپ تاپالمىغانىدىم . ئاخىر سەن بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىشنى ئاللا ماڭا نېسىپ قىلىپتۇ . ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكرى ، سەندىن بۈگۈن قىساس ئالىمەن ، — ئىنىكئانا شۇنداق دەپلا قولىدىكى ھاسىنى ھاشىمبەگنىڭ گېلىغا تېخىمۇ چىڭ

نۇقىدى ، ــ ھۇ ئۆلۈمتۈك قارا مىتە ، مېنى تونۇمىدىڭمۇ ؟
ھاشىمبەگ سارىخانغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى ، گەپ - سۆز قىلالمىدى .

ــ ھۇ لەنىتى قاسىم ، تىلىڭ تاڭلىيىڭغا چاپلىشىپ قالغاندەك سۆزلىمەيسەنغۇ ؟ ! ــ دېدى سارىخان ھاسىنى ئۇنىڭ گېلىغا تېرەپ تۇرۇپ ، ــ سەن سۆزلىمىسەڭ ، مەن سۆزلەي . سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى ، مەن ياسىنخاننىڭ تەۋەررۇك ئوغلى قادىرخاننىڭ ئىنىكئانىسى سارىخان بولىمەن . مانا بۇ سەن ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە قېتىم ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان ، ئاخىر مەن سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن توغراق كامېرىغا تىقىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان ياسىنخاننىڭ ئوغلى ــ قادىرخان بولىدۇ .
سارىخان ئانا شۇنىڭدىن كېيىن ، قاسىمنىڭ ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى ھاسىسى بىلەن نوقۇپ ، ئوڭ تەرەپكە ئىتتىردى . لېكىن ، ئانا چۆچۈپ ئارقىغا داجىدى . چۈنكى ، بۇ چاغدا ھاشىمبەگنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن ، بۇرنىدىن چىققان قانلار ساقال - بۇرۇتلىرىدا ، كىيىم - كېچەكلىرىدە قېتىپ قالغان بولۇپ ، ئۇ شۇ تاپتا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالغا كېلىپ قالغانىدى . ئۇنى يۆلەپ تۇرغان ئىككى لەشكەرمۇ ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئۇنى يەردە ئولتۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى ، لېكىن ئۇ ئولتۇرالماي ئالدىغا دۈم يىقىلىپ چۈشتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ۋە بەدىنى گويا شىنىدەك قېتىپ قالغانىدى .

* * *

خان شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ، ئىككىنچى كىشىنى سوراق قىلدى . ئۇ قاراقىتانلارنىڭ مىڭبېگى ئىدى . ئۇ ئانچە كاجلىق قىلمايلا باسقاقبەگ مەھكىمە ئەھۋالى ، چېرىك سانى

قاتارلىقلارنى سۆزلەپ كېلىپ ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :

— ئاخشام بىز ھاشىمبەگ بىلەن ئىككىمىز ، يىراق بىر يېزىدىكى ئىككى قىزنــى بۇلاپ ئەكەلدۇرۇپ ، ئوردىدىكــى «بەگلەرگە خاس كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى» دە كۆڭۈل ئېچىپ ئۇخلاپ قاپتىمىز . بىز . . .

— بولدى ، بەس ! — دېدى خان ئۇنىڭ ئاخىرقى پەسكەش سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى خالىماي غەزەپ بىلەن ، — ئاھ ، بىچارە خەلقىم ، سەن بۇ قاراقچىلارنىڭ ياۋۇز چاڭگىلىدا نېمە دېگەن دەھشەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چەككىلى تۇردۇڭ — ھە ؟ ! — قادىرخان دەقىقە تۇرۇۋېلىپ ، سىرتقا قاراپ تېخىمۇ غەزەپ بىلەن چاقىردى ، — جاللات !

— پەرمان بەردارمەن ، خانزادەم ! — دەپ كىرىپ كەلدى جاللات يالىڭاچلانغان قىلىچنى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ .

— بۇ مەلئۇننىڭ كاللىسـى ئېلىنسۇن ! نىجـىس تېنـى قاغا - قوزغۇنلارغا يەم قىلىنسۇن !

— باش ئۇستىگە خانزادەم !

جاللات شۇنداق دەپلا مىڭبېگىـــــــــنى خان ھوزۇرىدىن ئىتتىرگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى . خان غەزىپىنى باسالماي ئۆي ئىچىدە بىر - ئىككى قېتىم ئۇيان - بۇيان ماڭدى ، ئاندىن :

— ھۆرمەتلىك يۇغرۇش ، شەيخۇلئىسلام ئاكا ، مىڭبېگى ۋە يۈزبېگىلەر ، — دېدى ھوزۇرىدا ئولتۇرغانلارغا بىــر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ، — مەن ھازىر شۇنى جاكارلايمەنكى ، بۈگۈن كېچە يەنلىغ ئاباگى بەگنىڭ ئاتام ياسىن قاغاندىن تارتىۋالغان تۆگە ، كالا ، ئات قاتارلىق بارلىق مال - چارۋىلىـرى بۇلاپ كېلىنسۇن ! ئاتلار لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلسۇن !

— باش ئۇستىگە خانزادەم !

## 10

چېرىكلەر شەھەر ۋە يېزىلارنى ئۇدا بىر نەچچە كۈن قاتتىق تىنتىش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر جايدىن «ئوغرىلار» نىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. تىنتىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى، ئۇلار بارغانلا يېرىدە ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، پۇقرالارنى خالىغانچە ئۆلتۈردى، قىز - چوكانلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى... ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر «شۇم خەۋەر» يەنلىغ ئاباگىنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ ئەمىرخانىدا ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ئۇلار قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت چاۋاك چېلىندى. بەگ ئىجازەت قىلغاندىن كېيىن ئەمىرخانىغا تىنتىشقا بارغان يەنلىغ خاشى مىڭبېگى كىرىپ كەلدى. ئۇ بەكمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنىدى:

— بە... بەگ ئاتا! — دېدى ئۇ يەنلىغ ئاباگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ، — كەندىر جىلغىسىدىكى ئاتلار، تۆگە يايلاقتىكى تۆگە ۋە كالىلار چوپانلار بىلەن بىللە يوق بولۇپ كېتىپتۇ، قارىغاندا ئۇلارنىمۇ بۇلاپ كېتىشكەن ئوخشايدۇ.

— نېمە؟! — دېدى يەنلىغ ئاباگى ئالتۇن كۇرسىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ، — ھەممىنى بۇلاپ كېتىپتىمۇ؟!

— شۇ... شۇن... داق... بەگ... ئاتا! — دېدى ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان يەنلىغ ئاباگىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەن يەنلىغ خاشى ئارقىسىغا داجىپ، — مېنى كەچۈرسىلە بەگ ئاتا، پېقىر ئۆلۈمگە مەھكۇم!

— ھۇ نان قېپى! — دېدى بەگ ئوك پۇتى بىلەن ئۇنىڭ

گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ ،— يوقالغان چارۋىلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئاتلارنىڭ دېرىكىنى ئالالماي تۇرۇپ مېنىڭ ھوزۇرۇمغا لاللما ئىتتەك يۈگۈرۈپ كەلدىڭمۇ ؟ !

— بە . . . بە . . . گ . . . ئا . . . تا ، ئالدىم !

— سۆزلە ، قەيەردىكەن ؟— دېدى يەنلىغ ئاباگى يەنلىغ خاشىنىڭ گەجگىسىدىن پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇپ ،— تېز سۆزلە ! مېنىڭ ئاتلىرىمغا قول ئۇزاتقۇچى بولغان قانداق قاپ يۈرەك نېمىلەرئىكەن ئۇ ؟

— ئۇلۇغ بەگ ئاتا ،— دېدى يەنلىغ خاشى مىڭبېگى تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى ،— ئاتلاشلارغا قارىغاندا ، قارلىق تاغىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆيۈك تاغىنىڭ غەربىي باغرىدا قادىر قاغان دەيدىغان بىر قاغان پەيدا بولۇپتىمىش . ئۇ ئۆزلىرى ئۆتكەندە ئاتقا سۆرەتكەن سادىر دېگەن يالاڭتۆش ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى ، ئۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى قاغانى ـ ياسىن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەن . ھازىر شەھەر ـ يېزىلاردىن قاچقانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، بىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ، شەھەرگە باستۇرۇپكىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېتىپتىمىش . ئۇ بىزدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ، قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغان بولۇپتىمىش ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپ ، ياغىلىرىنى گېلىدىن بوغۇپلا ئۆلتۈرگۈدەكمىش ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىش...

قادىرخانىنىڭ كۆيۈكتاغ ئارقىسىدا يوشۇرۇن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ ، شەھەر ۋە يېزىلارغا تاراپ كەتكەنىدى . زۇلۇمدىن باغرى قان بولغان كىشىلەر قادىرخان ھەققىدە گەپ ـ سۆزلەرگە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى قوشۇپ ، ھەتتا ئۇنى ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ سۆزلەپ يۈرۈشەتتى . بۇنداق سۆز ـ چۆچەكلەردىن خەۋەر تاپقان يەنلىغ خاشىمۇ قورقۇنچقا چۈشۈپ ، ئاڭلىغانلىرىغا بىرگە ئىككىنى قوشۇپ سۆزلىۋىدى ، يەنلىغ ئاباگى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشىنىشنىمۇ ،

ئىشەنمەسلىكىنمۇ بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئاخىر باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سىر - ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يەنلىغ خاشى مىڭبېگىنىڭ ياقىسىدىن سىقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ نازۇك يېرىگە بىرنى تەپتى ۋە:

— ھۇ، نان قېپى! — دېدى ۋارقىراپ تۇرۇپ، — سەن بىر مىڭبېگى تۇرۇپ، شۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈردۈڭمۇ؟! يارلىق، سەن بۈگۈن چېرىكلەرنى باشلاپ تاغقا چىقىپ، «سادىر» دېگەن يالاڭتۆشنى ئاسمانغا چىقسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرسە كۆكۈلىسىدىن تارتىپ تۇتۇپ، ھوزۇرۇمغا ئېلىپ كەل! ناۋادا ئۇنى تۇتۇپ كېلەلمەيدىغان بولساڭ كاللاڭنى ئالىمەن!

يەنلىغ ئاباگى مىڭبېگىنى قاتتىق سىلكىپ ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتتى. ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەن يەنلىغ خاشىنىڭ ئارقا مېڭىسى كۈرسىنىڭ قىرىغا ئۇرۇلۇپ كەتتى ۋە «ئەييۇ!» دەپلا ھوشىدىن كەتتى. يەنلىغ خاشى مىڭبېگىنىڭ ئەمىرخانىدا ئوڭدىسىغا يېتىشى يەنلىغ ئاباگىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈردى. شۇڭا، يەنە تەپمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە ئەمىرخانىنىڭ سىرتىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىككى چېرىك ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، دەرھال يەنلىغ خاشىنى ئەمىرخانىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ياراغ، چارۋا، بولۇپمۇ ئاتلارنىڭ بۇلاپ كېتىلىشىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن يەنلىغ ئاباگى ئولتۇرالماي قالدى، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردى. ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كەتكەن مەسلىھەتچىلەر باشلىرىنى ئېگىپ جىممىدە ئولتۇرۇشتى، ئىككى قىز گويا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، بۇلۇڭغا بېرىۋېلىشتى.

— ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقىلىش! — دېدى يەنلىغ ئاباگى بىر پەستىن كېيىن، مەسلىھەتچىلەر بىلەن قىزلارنى قوغلاپ، —

بۇ يەردە سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ تۇرۇشماي ، تېزدىن كۆزۈمدىن يوقىلىش !

مەسلىھەتچىلەر بىلەن قىزلار ئەمىرخانىدىن يۈگۈرگەندەك تېز چىقىپ كېتىشتى . يەنىلا ئاباگى يالغۇز قالدى . بىراق ، ئۇ تېخىچىلا دەلىتلەردەك گاھ ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ ، گاھ ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈرەتتى . بىر پەستىن كېيىن ئۇ بېشى قايغاندەك بولۇپ ، ئاران تەستە ئالتۇن كۇرسىنى تۇتۇۋالدى ۋە :

— ھەي ، سادىرنىڭ ئۆلمىگىنى چاتاق بوپتۇ ، — دېدى ئۆز-ئۆزىگە ، — مەن تېخى ئۇنى قىينىلىپ ئۆلسۇن دەپ توسۇن ئاتقا سۆرەتكەنىدىمغۇ ، ئۇنى كىم قۇتقۇزۇپ قالغاندۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ بۈگۈن سادىر بولماي ، بەلكى بۇرۇنقى قاغان ياسىنخاننىڭ ئوغلى قادىر بولۇپ قالغىنى نېمىسى ؟ . . . ھەي ، شۇ تاپتا ، ھېلىقى ھاشىمبەگ دېگەن ئەخمەق بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ! ئۇنىڭغا تۆت - بەش تەڭگە پۇل بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ بۆلگۈنچىلىك سالسام ، ئۇلارنى ئاسانلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتىم . ھەي ، ھەي مۇشۇنداق پەيتتە ئۇ گالۋاڭنىڭ يوقاپ كەتكىنى نېمىسى ؟ ھەي ، ھەي ئەينى چاغدا سادىر دېگەن توڭگۇزنى توسۇن ئاتقا سۆرەتكۈچە قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولماسمىدى ؟ تېخى مەن ئۇنى قىينىلىپ ئۆلسۇن دېسەم ، ئۇ ئۆلمەك ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى تىرىك قېلىپ ، «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق» دېگەندەك ماڭا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگىلى تۇرغىنىنى . . . ئالدىرىماي تۇر سادىر ، سېنىڭ گۆشىڭنى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن قورۇپ يېمەيدىغان بولسام !

## 11

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى .

بۈگۈن قادىرخان لەشكەرلەرنىڭ «لەشكىرى تەلىملىرى»نى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر قىسىم كەم تەرەپلەرنى ئۇستازلار بىلەن بىرلىشىپ تولۇقلىدى. گەرچە خان تېخى ياش بولسىمۇ، يىراقنى كۆرەر كىشى ئىدى. ئۇ ئاتلارنى بۇلاپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر خىل ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چېدىرلارنىڭ ھەممىسىنى قارىغايلىقنىڭ شەرقىدىكى كۆيۈك تاغ ئۈستىگە يۆتكىدى.

كۆيۈك تاغنىڭ جەنۇب تەرىپى پامىر تاغلىرىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرى تىك ئېگىزلىك بولۇپ، ئۈستى يۈز قەدەمچە كەڭلىكتە تۈزلەڭلىك ئىدى. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى بارا - بارا پەسلەپ، ئىككىنچى قارلىق تاغدىن كەلگەن دەريانىڭ غول ئېقىنىغا تۇتىشاتتى. ئۇ تاغلىق شەھەردىن غەربتىكى شەھەرلەرگە ئۆتىدىغان يولنىڭ تۈگىنى ئىدى. ئەنە شۇ جايدىن كۆيۈك تاغ ئۈستىگە ئانچە قىينالمايلا چىققىلى بولاتتى.

قادىرخان بارگاھلارنى كۆيۈك تاغ ئۈستىگە يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، تاغ ئۈستىدىكى قورام تاشلارنى تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يىغدۇردى. ئاندىن چۈشلۈك تاماققا يىغىلغان لەشكەر ۋە پۇقرالارغا قاراپ:

— ئىي ئەزىز قېرىنداشلىرىم! — دېدى، — مەن سىلەرگە قاغان بولغاندىن بۇيان كۆپ جاپا تارتتىڭلار، مەن سىلەرنى چوڭ - كىچىك دېمەي ئىشقا بۇيرۇدۇم. لېكىن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەزىز يۇرتىمىزنى باسقۇنچى مەلئۇنلاردىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، بۇ جاھالەت ياۋۇزلىرىنى يوق قىلىش ھەم ئۇلارنى بۇ ئەزىز يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈندۇر، بۇ ئارقىلىق دىللىرى قان، باغرىلىرى خۇن قايىنىمىغا چۆكۈپ، دەرد - ھەسرەت چېكىۋاتقان خەلقىمىزنى ھۆرلۈك - ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ، ئىنساندەك ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر!

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى بۆلۈۋەتتى :

— ھۆرلۈك - ئەركىنلىك ئۈچۈن جېنىمىز پىدا ! . . .

— بۇ ياۋۇز بۆرىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ تەختى - بەختىنى ۋەيران قىلايلى ! . . .

— بۇ يولدا ئاقسىمۇ قېنىمىز رازى ! . . .

لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ ياڭراق ساداسى قادىرخانغا تېخىمۇ ئىلھام ۋە مەدەت بەردى . ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق ھاياجانلانغان بولۇپ ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى .

— ئەي ئەزىز قېرىنداشلار ! — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ، — بىز بۇ جايغا ئادالەت ئۈچۈن توپلاندۇق ، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا توپلاندۇق ! شۇڭا بىز كۈرەش جەريانىدا ياغىلار بىلەن ھاردىم - تالدىم دېمەي ئېلىشىشىمىز لازىم ! قېرىنداشلار ، بىزنىڭ بۇ كۈرىشىمىز ، ھەققانىي كۈرەشتۇر !

— ئىلاھە ئامىن ! — دەپ قادىرخاننىڭ سۆزىنى يەنە بۆلدى قېرى - چۆرىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر قانچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ، — ئىھ خۇدا ، بۇ ياش خانىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سەلتەنەت ئاتا قىلغايسەن ، ئى ئاللا ، بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن ! ئىلاھە ئامىن !... ئىلاھە ئامىن !...

قادىرخان يەنە نېمىلەرنىدۇر دەي دەپ تۇرۇشىغا پۇقرالار ۋە لەشكەرلەر تاغنىڭ چىقىش ئېغىزىغا بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراپ كېتىشتى . خان شىمالىي تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاچقا ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن ئەجەبلىنىپ ، دېمەكچى بولغانلىرىنى يۇتۇۋېتىپ ، ئۇمۇ شۇ ياققا قارىدى . ئەسلىدە قارلىق تاغ ئېغىزىدا تۇرغان ياتغاقلارنىڭ بىرى قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان ، تاۋاردىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ، قاراقىتان خېنىملاردەك ياسانغان ئىككى قىزنى كۆيۈك تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىققانىدى .

ھېلىقى ياتغاق ئۇ ئىككى قىزنى ئۇدۇل خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خانزادەم ،— دېدى خانغا سالام قىلىپ ،— بۇ ئىككى ئايغاقچى قارلىق تاغ ئېغىزىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەنىكەن ، بىز ئۇلارنى تۇتۇۋالدۇق . بىراق ، ئۇلار «بىز مۇسۇلمان قىزلىرى ، قادىرخان بىلەن كۆرۈشكىلى چىققان ، بىزنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان مەخپىي گېپىمىز بار» دەپ تۇرۇۋالدى .

— راست خانزادەم ، بىز مۇسۇلمان قىزلىرى ،— دېدى قىزلاردىن بىرى شاھقا ئېگىلىپ تۇرۇپ ،— بىز يەنلىغ ئاباگى بەگنىڭ قوشنا شەھەرلەردىن بولاپ كەلگەن «كېنىزەكلىرى» ، ئۇنىڭ ئادەملىرى يولدا كەلگۈچە كۆزىمىزنى تېڭىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھىرىنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز . بىزنىڭ ئەسلى يۇرتىمىز پەرغانە دېگەن جايدا ئىدى . بىز ئاخشام سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ ، سىزگە بىر ئىشنى يەتكۈزگىلى قېچىپ چىقتۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىز سىزنى يەنلىغ ئاباگى ئازابلىغان چاغدا كۆرگەن ، ئېھتىمال سىزمۇ بىزنى تونۇيسىز .

قادىرخان بۇ ئىككى قىزنى ھەقىقەتەن يەنلىغ ئاباگىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ دەرھال بۇ ئىككى قىزنى بوشىتىشقا ئەمر قىلدى ۋە :

— قېنى نېمە گېپىڭلار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئادىمىمىز ،— دېدى .

ئۇ ئىككىيلەن ھەقىقەتەن يەنلىغ ئاباگىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ چىققان قىز ئىدى . ئۇلار تونۇگۇن بەگ غەزىپىگە پايلىماي يەنلىغ خاشىنىڭ ئارقىسىدىن مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بىللە قوغلاپ چىقارغان ھېلىقى ئىككى قىز ئىدى . ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان بەگنىڭ ھۇزۇرىدىن قېچىپ چىقىپ ، ئۆزلىرىگە باش پاناھ

بولىدىغان بىرەر كىشىنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىش نىيىتىدە پۇرسەت كۇتۇپ يۇرەتتى. ئاخىر ئۇلار يەنلىغ خاشىدىن قادىرخاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بەگنىڭ قېشىدىن چىقىپلا بۇ تاغقا قاراپ قاچتى.

ئىككى قىز تۇنۇگۇن باسقاقبەگ مەھكىمە ئىچىدە يۇز بەرگەن ئىشلارنى، ھەتتا يەنلىغ ئاباگىنىڭ تاغقا چېرىك ماڭدۇرۇشقا ئەمىر قىلغانلىقىنى بىر - بىرلەپ قادىرخانغا سۆزلەپ بەردى.

— ھۆرمەتلىك قىزلار، — دېدى خان ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ، — دېگەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟

— قىلچە يالغىنى يوق قادىر قاغان، — دېدى ئىككى قىز تەڭلا سۆزلەپ، — دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى راست!

خان ئۇلارنىڭ سەمىمىي، سادىقلىقىنى كۆرۈپ، سۆزلىرىگە ئىشەندى. ئاندىن ئاشپەز قىزلارغا ئۇلارنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، غىزالاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئەتراپىدىكى پۇقرالارغا:

— ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار، ئاكىلار، دوستلار، ئىنىلەر، — دېدى خان ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان پۇقرالارغا قاراپ، — ھازىر ھەممىڭلار قىزلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆز قۇلىقىڭلار بىلەن ئاڭلىدىڭلار، يەنلىغ ئاباگى بىزنىڭ ئاتلارنى بۇلاپ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپتۇ، شۇنداقلا ئۇ ياۋۇز دىۋە بىزگە بۇگۇن كېچە ياكى ئەتە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپتۇ. ھازىر تائام ۋاقتى بولۇپ قالدى، كونىلار «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، ھازىر ھەممىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلارغا بېرىپ، تائام يەڭلار، قالدى گەپنى كېيىن دېيىشەيلى.

خان تاماقتىن كېيىن كېڭەش ئۆتكۇزدى. كېڭەشتە ياغىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە يۇغرۇش، سۇباشى، مىڭبېگى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئويى بويىچە ئەقىل

كۆرسەتتى . قادىرخان ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە ئاساسەن مۇنداق دېدى :

— سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار بويىچە مۇنداق قىلايلى ، ئالتە يۈز ئاتلىق لەشكەرنى كۆيۈكتاغنىڭ شەرقىي باغرىدىكى قارىغايلىققا مۆكتۈرەيلى ، ئاندىن شەيخۇلئىسلام داۋۇت ئاكامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى يۈز لەشكەرنى ۋە قېرى - چۆرىلەر قوشۇلۇپ ، بەش يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى كۆيۈكتاغنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرايلى . چۈنكى ، چېرىكلەر بىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمىزنى تېخى ئېنىق بىلمىگەچكە بىزگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن . ئەگەر مەن دېگەندەك بولۇپ قالسا ، تاغ ئۈستىدىكىلەر تاغنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە كېلىپ چېرىكلەرگە كۆرۈنۈپ تۇرسا ، ئۇ چاغدا ، ئۇلار چوقۇم بىزنىڭ ئاساسلىق كۈچىمىزنى تاغ ئۈستىدە ئىكەن ، دەپ ئويلايدۇ - دە ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تاغقا يامىشىدۇ ، ئۇلار تاغنىڭ تەڭ يېرىمىغا يامىشىپ چىققاندا ، شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكىلەر بىز تاغ ئۈستىگە توپلىغان تاشلارنى چېرىكلەرگە دومىلىتىشقا باشلىسا ، نەتىجىدە نۇرغۇن ياغىلار ئۆلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ياغىلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىدۇ ، دەل شۇ چاغدا شەيخۇلئىسلام بىزگە قاراپ «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ بەلگە بەرسە بىز شۇ ھامان ھۇجۇمغا ئۆتسەك ، قانداق بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا ھەرقايسىڭلار قوشۇلامسىلەر ؟

— بۇ پىلانىڭىزغا قوشۇلىمەن ، — دېدى سۇباشى قىزغىنلىق بىلەن .

— بىزمۇ قوشۇلىمىز ، — دېدى مىڭبېگى بىلەن يۈز بېگىلەرمۇ تەڭ .

— مەنمۇ قوشۇلىمەن ، بىراق ، — دېدى شەيخۇلئىسلام گېلىنى قىرىپ ، يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن ، — بىزگە قاراقتان ياغىلىرى كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق ؟ !

شەيخۇلئىسلامنىڭ بۇ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى. خانمۇ ئۇ ئىشقا ئەقلى يەتمىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە:

— قېنى سىزنىڭ قانداق تەكلىپىڭىز بار؟ — دېدى شەيخۇلئىسلامغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ، — ئويلىغانلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

— مېنىڭ مۇنداق بىر تەكلىپىم بار، — دېدى شەيخۇلئىسلام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ناۋادا ياغىلار كېچىدە بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇلارغا ھىيلە بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز لازىم، يەنى ئوت يېقىش ھىيلىسىنى قوللانساق دەيمەن. شۇڭا، كۆپلەپ ئوتۇن يىغىپ ئۇنى تاغنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، ھەر بەش قەدەم ئارىلىققا بىردىن دۆۋە قىلىپ قويساق، ياغىلار بىرىنچى قارلىق تاغدىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭ ئوتۇن دۆۋىلىرىگە ئوت ياقساق. ئىنشائاللا، ياغىلار «قادىر قاغان كۆيۈك تاغقا ئوت يېقىۋېتىپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم ئىكەن» دەپ قورقۇپ ئارقىسىغا چېكىنىشى مۇمكىن. بىز دەل ئۇلار چېكىنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاغنىڭ ئالدى باغرىغا يوشۇرۇنغان ئالتە يۈز لەشكەرگە ئاتلىنىش يارلىقى چۈشۈرسەك، ئۇلار يارلىق چۈشكەن ھامان ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياغىلارغا قوغلاپ زەربە بەرسە، ئارقىدىن قالدىلارمۇ ئاتلانسا دەيمەن.

— بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق تەكلىپ، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — سىز دېگەندەك بولسۇن!

خاندىن كېيىن باشقىلارمۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن شاھ كېڭىشى ئاخىرلاشتى.

## 12

شامدىن كېيىن قارلىق تاغ ئۈستىدە پەيدا بولغان بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا يېيىلىپ قارىيىپ، خۇپتەن مەزگىلىدە كۆك

يۇزىنى يېپىپ بولدى ، زېمىن گويا ئىشىك - تۈڭلۈكى مەھكەم ئېتىلگەن ئۆيگىلا ئوخشاپ قالدى . ئادەم ئۆزىدىن بىر قەدەم يىراقلىقتىكى نەرسىنى كۆرەلمەيتتى . بىراق ، شۇنداق قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي ، ئەل ياتقۇ مەھەلدە تاش قەلئەنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئەنسىز ئېچىلىپ ، قولىلىرىدا مەشئەل ۋە ياراغلارنى كۆتۈرگەن ئاتلىق چېرىكلەر دەرۋازىدىن چىقىپ ، تاغقا قاراپ ئات سالدى . بۇلار يەنىلىغ ئاباگىنىڭ قادىرخانىنى تىـــرىك تۇتۇپ كېلىشكە ماڭدۇرغان چېرىكلىرى ئىدى . چېرىكلەر مەشئەللەرنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغاچقا يىراقتىن قارىغان كىشـــگە گويا ئوت دەرياسى غەربكە قاراپ ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . . .

چېرىكلەر ھەش - پەش دېگۈچە شەھەر سىرتىدىكى غىل سايغا چىقىپ بولدى . ئۇلار سايدا كۆرەڭلەپ ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇشتى . نەتىجىدە جەڭگە چىققان چېرىكلەرگە ئوخشىماي قالدى ، يەنـى تۇندە يولدىن ئېزىـپ كەتكەن يولۇچـــلاردەك تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىشتى . لېكىن ، سايدىن چىقىشقا ئاز قالغاندا ، چېرىكلەر ئەسلىدىكى سەپ ھالىتىگە كېلىشتى . چۈنكى ، ساينىڭ ئاخىرى بۇك - باراقسان قارىغايلىققا ، شىمالىي تەرىپى تاش قەلئەنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتـــدىغان دەرياغا تۇتىشاتتى . ھەتتا بۇ يول بارا - بارا تارىيىپ ، تاغ ئېغىزىغا بارغاندا ئاران بەش قەدەم ئارىلىق قالاتتى . . .

ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاتلىق چېرىكلەر قارلىق تاغنىـڭ ئېغىزىغا بارغاندا ، بىردىنلا توختاپ قېلىشتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيۈۋاتقان گويا يانار تاغ كەبى پارتلاپ ، ئاسمان پەلەك يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈۋاتاتتى . تاغ ئۈستىدىكى بۇ ھەيۋەتلىك گۈلخانلار بىلەن ئىس - تۈتەكلەر قاراڭغۇلۇقتا چېرىكلەرگە گويا كۆيۈۋاتقان تاغ ئۈستى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى قارىغايلىقلار بىر تۇتاش كۆيۈۋاتقاندەك ، ھەتتا ئوت دېڭىزى ئۆزلىـرىگە قاراپ يامراپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ ، دەرھال قاچمىسا ، بۇ ئوت

دىڭىزى ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، يىلى چىققان توپتەك لەسسىدە بولۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەل شۇ چاغدا «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك قادىرخانلارنىڭ بەختىگە غەربتىن شەرققە سوققان تاغ شامىلى گۈلخانلارنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزدى. گويا ئوتلار چېرىكلەرگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. نەتىجىدە چېرىكلەر تېخىمۇ قورقۇپ، يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قېلىشتى. دەل شۇ چاغدا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان شامال چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلاردىن ئوتلارنى ئۇچۇرۇپ چۇشۇرۇشكە باشلىدى، تاغدىن چۈشۈۋاتقان، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتلاردىن ئاتلار ھۈركۈپ كىشنەپ، چاپچىغىلى تۇردى. سەپ ئالدىدىكى بىر قىسىم يۈرەكسىز چېرىكلەر بۇ ھالدىن قورقۇپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى ۋە: «ۋاي قېچىڭلار، قادىر قاغان بىزگە لاۋا ئاتقىلى تۇردى، تېز قېچىڭلار!» دەپ ئەنسىز ۋارقىراشتى. ھەتتا بەزى چېرىكلەر ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى بۇراپ قېچىشقا باشلىدى. تار چىغىر يولدا قىستىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق چېرىكلەر ئالدى تەرەپتە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشەلمەي، بەلكى دۈشمەنلىرىمىز ھۇجۇم قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. بىر قانچە ئات ئۆزىنى توختىتالماي دەرياغا كىرىپ كەتتى، يەنە بىر قانچە گىرەلىشىپ كەتكەن ئاتلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ، ئۆزئارا سوقۇلۇپ، نەتىجىدە بەزى چېرىكلەر ئېگەرلىرىدىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ چېرىكلەر سەپى قالايمىقانلىشىپ، قىيا - چىيا كۆچەيدى - دە، كۆتۈلمىگەندە قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى. كۆيۈكتاغنىڭ شىمالىي تەرەپ ئۈستىدە چېرىكلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسېلىپ تۇرغان شەيخۇلئىسلام ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاللاھۇ ئەكبەر ! ئاللاھۇ ئەكبەر ! ئاللاھۇ ئەكبەر ! — دەپ تەگبىر ئېيتتى .

شەيخۇلئىسلامنىڭ بەلگە بېرىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قادىرخان كۆيۈك تاغ ئالدىدىكى قارىغايلىق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرغان لەشكەرلەرگە :

— ئىي ئەزىز قېرىنداشلىرىم ! — دېدى يۇقىرى ئاۋازدا خىتاب قىلىپ ، — قاچقان ياغىلارغا دەم بەرمەي ، ئۇلارنى قوغلاپ زەربە بېرەيلى ! مەشئەللەرنى ياندۇرۇڭلار ، قېنى ئاتلىنىڭلار !

قادىرخان شۇنداق دەپلا بىرىنچى بولۇپ ئات سالدى ، قىساس ئوتلىرى قەلبىدە لاۋۇلداۋاتقان يىگىتلەر سول قولىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ ، خانغا ئەگىشىپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇردى ، لەشكەرلەرنىڭ تولۇمدەك سەمرىگەن ئاتلىرى ياغىلارنىڭ ئارقىسىدىن گويا ئۇچقۇر شامالدەك قوغلاپ كەتتى .

قادىرخان باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر چېرىكلەرگە قارلىق تاغدىن بەش چاقىرىم تۆۋەندىكى غىل سايدىلا يېتىشىۋالدى . مۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى كۈتمىگەن چېرىكلەر ئاتلىرىغا تېخىمۇ كۆچەپ قامچا ئۇرغىلى تۇردى ، ئەمما ئۇلار كېچىككەنىدى . چۈنكى ، قادىرخان باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئاللىبۇرۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى توسۇپ بولغانىدى . لەشكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان مەشئەللەر ياغىلارغا تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرۈندى ، چېرىكلەر تېخىمۇ قورقۇنچقا چۈشتى ، پۈتۈن ساينى گويا قادىرخاننىڭ لەشكەرلىرى قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قىلىشتى ، ئۇلاردا مەشئەل بولمىغاچقا ئۆزىنى پەرقمۇ ئېتەلمەي قالدى ـ دە ، گويا دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپتەك بىلىنىپ ، تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشتى . ئارىدا كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كەتتى . بۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن چېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى .

لەشكەرلەر ئۇدۇل كەلگەن چېرىكلەرنى غاچىلدىتىپ چاناپ، نەيزە ئۇرۇپ يىقىتىشقا باشلىدى. قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى، قىلىچ، نەيزە يەپ ئاتتىن يىقىلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ نالە ـ زارلىرى، لەشكەرلەرنىڭ «ئۇر، چاپ...» دېگەن جاراڭلىق خىتابلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى قوشۇلۇپ، ساينى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

شۇ تاپتا بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۈستىگە قارا چەكمەندىن چاپان، تامبال كىيگەن، پۇتىغا كونىراپ كەتكەن چورۇق تارتىۋالغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىككى قولىدىكى ئىككى قىلىچ بىلەن ياغىلارنىڭ سېپىنى يېرىپ ماڭماقتا ئىدى. مەشئەل كۆتۈرگەن ئىككى يىگىت ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قالماي كېتىۋاتاتتى. ئوتتۇرىدىكى يىگىت بوز ئېتىنى ئۆزەڭگە بىلەن باشقۇرۇپ چاپتۇرۇپ، گاھ ئوڭدىكى، گاھ سولدىكى چېرىكنى قىلىچلايتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى چېرىكلەرنىڭ گاھ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلاتتى، گاھ بېشىنىڭ يېرىمى، بەزىرىلىنىڭ مۈرىلىرىنى ياكى قوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى؛ گاھىدا ياغىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ قورساقلىرىنى يېرىپ، ئۈچەي قارنىنى چۇۋۇۋېتەتتى. ئۈزۈلگەن باشلارمۇ كېسىپ تاشلانغان كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك يەردە بىر قانچە قېتىم سەكرەپ قويۇپ ئاندىن جىمىپ قالاتتى. قىلىچلانغان بەزى چېرىكلەر ئۆزەڭگىدىن پۇتىنى چىقىرالماي ئاتقا سۆرۈلۈپ قالغانىدى. قايسىدۇر بىر چېرىكنىڭ ئۈچەيلىرى ئېگەرگە ئىلىنىپ قالغاچقا، ئۈركۈپ قاچقان ئاتلار ئۇلارنىڭ ئۈچەيلىرىنى گويا قومۇشقا تۈرۈلگەن يىپنى چۇۋۇغاندەك چۇۋۇپ سوزۇپ ئاخىر پاسسىدە ئۈزۈۋېتەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا تېخى جېنى چىقمىغان چېرىكلەر گويا مىكىجىندەك چىرقىراپ جىمىپ قالاتتى، قوش قىلىچ تۇتقان بۇ كىشىنىڭ بوز ئېتىمۇ قىزىپ كەتكەنىدى، ئۇ گويا شامالدەك چاپاتتى. بۇ قوش قىلىچ تۇتقان

كىشى بىزنىڭ باش قەھرىمانىمىز قادىرخان بولۇپ، ئۇ بۇنداق قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى ھاپىز يۇغرۇشتىن ئۆگەنگەنىدى.

جەڭ دەھشەتلىك بولماقتا ئىدى. قىلىچ ۋە نەيزىلەر مەشئەللەرنىڭ يورۇقىدا ۋال - ۋال قىلىپ چاقناپ تۇراتتى. كىملەردۇر ئىڭرايتتى، كىملەردۇر ۋايجانلايتتى، كىملەردۇر تەگبىر ئېيتىپ لەشكەرلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېلىشىشقا چاقىراتتى. كىملەردۇر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، قېچىشقا ئۇرۇناتتى، ئەمما كۆپ ئۆتمەي قىلىچ ياكى نەيزە يەپ جان بېرەتتى. مەشئەللەرمۇ بىردىن بىردىن ئۆچۈشكە، ساي يەنە قاراڭغۇچىلىققا چۆكۈشكە باشلىدى. بۇ ھال چېرىكلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى، ئەمما لەشكەرلەر ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى. ھولۇققان، تەمتىرىگەن چېرىكلەر ئەمدى قەلئە تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بىراق، چېرىكلەر مۇھاسىرىدە بولغاچقا، بۆسۈپ چىقىشقا ھېچ ئامال قىلالمىدى ھەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، جان ئاچچىقىدا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە بۇراپ قاچتى، لەشكەرلەرمۇ قوغلىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىككى چېرىك جەنۇبىي تەرەپكە قېچىپ، لەشكەرلەرنىڭ مۇھاسىرىسىنى پەم بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى - دە، قەلئەگە قاراپ تىكىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى لەشكەرلەرمۇ بىلەلمەي قالدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي تاغ تەرەپكە قاچقان چېرىكلەرنىڭمۇ يولى توسۇلۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ چاغدا تاغدا قالغان شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەرمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. غەزەپكە كەلگەن بۇ لەشكەرلەر قاراڭغۇ بولغاچقا بىر ئاز گاڭگىرىغان بولسىمۇ، لېكىن دەقىقىدىن كېيىن چېرىكلەرنى گەپ - سۆزىدىن پەرق ئېتىپ، ئۇر - چاپ قىلىشقا باشلىدى. چېرىكلەر بولسا جان ئاچچىقىدا قىلىچ، نەيزىلىرىنى ھەر تەرەپكە قالايمىقان چۆرۈپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ جانلىرىغىمۇ زامىن بولدى. نەتىجىدە چېرىكلەر ئۆزلىرىنى كىملەرنىڭ ئۆلتۈ-

رۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قېلىپ، تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

— ئەي ئالىپ① غازىلار! — دەپ توختىماي خىتاب قىلاتتى شەيخۇلئىسلام لەشكەرلەرگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، — بۇ يات تائىپىلەرنى قاتتىق جازالاڭلار! بۇ باسقۇنچى مەلئۇنلارغا ھەرگىز رەھىم قىلماڭلار! قېرىنداشلىرىمىز ۋە يۇرتىمىزنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن بۇ قاراقچىلارنى بىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈڭلار! ئەي ئالىپ ئوغۇللىرىم، ھەرگىز ئارقىغا قايتماڭلار! ئۆلۈمدىن ھەرگىز قورقماڭلار!

شەيخۇلئىسلام بىر تەرەپتىن ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ، لەشكەرلەرگە ئىلھام بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قولىدىكى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياغىلارنى چاناپ، ھەر تەرەپكە قوغلىماقتا ئىدى.

چېرىكلەر تۆت تەرەپتىن قورشاۋدا قالغانىدى. لەشكەرلەر ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى. قىلىچ، نەيزىلەر بىر-بىرىگە تەككەندە ئۇچقۇن چاچرىتاتتى، جاراڭلايتتى، باشلار تەندىن جۇدا بولۇپ، يەردە دومىلايتتى. نىمجان بولغانلار ئىڭرايتتى، زارلىناتتى، نالە قىلاتتى. قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلار ئېغىر پۇشۇلدايتتى، ئېچىنىشلىق كىشنەيتتى، ئېگەرلەرمۇ قانغا بويالغانىدى. بۇ سايدا بۇ كېچە گويا قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

## 13

تاڭ ئاتتى. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى يەر يۈزىگە سېخىلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى. «كېنزەك» لەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ۋە ئاخشام قادىرخانلارغا

① ئالىپ - باتۇر دېگەن مەنىدە.

قارشى ھۇجۇمغا ماڭدۇرغان چېرىكلەرنىڭ تېخىچە بىر-ەر خەۋىرىنى ئۇقالمىغان يەنلىغ ئاباگى راۋاقنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىدە تاغ تەرەپكە قاراپ تىت - تىت بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەزەپ ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، قارا يۈزى خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كالتە ھەم دىقماق قوللىرىنى گاھ ئارقىسىغا، گاھ ئالدىغا قىلىپ، بوغۇلغان ھېسپتەك بوغۇم - بوغۇم بارماقلىرىنى ئۇۋىلايتتى. سارغىيىپ كەتكەن ئۇزۇن - ئۇزۇن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، خۇددى مۇشۇكتەك جاۋغايلىرىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ يالاپ قوياتتى. گاھىدا بىر-ەر ئىشقا ئەقلى يەتمىگەندەك قىلىپ، كىچىككىنە بېشىنى ھەر تەرەپكە سىلكىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا تەييار بولغان چېرىكلەر يەنلىغ ئاباگىنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ، گاھىلىرى ئاتلىق، گاھىلىرى پىيادە ھالدا راۋاقنى چۆرىدەپ تۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇشتۇمتۇت راۋاقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئىككى چېرىك ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

راۋاقنى چۆرىدەپ تۇرغان ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر ئاتلىق ئىككى چېرىك تاكى راۋاق تۈۋىگە بارغۇچە يول ئېچىپ بەردى. ئىككى ئاتلىق چېرىك بولسا، راۋاق تۈۋىگە دېگۈدەك يېقىن بېرىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى ۋە راۋاق ئۈستىدىكى يەنلىغ ئاباگىنى كۆرۈپ يۈكۈندى:

— ئۇلۇغ بەگ ئاتا! — دېدى يۈكۈنۈپ تۇرغان ئىككى چېرىك ئىچىدىكى يېشى چوڭراق چېرىك راۋاق ئۈستىگە قاراپ تۇرۇپ ۋە يۇقىرى ئاۋازدا، — ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى، «كېنىزەكلەر» نىڭ دېرىكىنى ھېچبىر يەردىن ئۇقالمىدۇق. قوۋۇقتىكى دەرۋازىۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى كۆرمىدۇق، دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، غەربىي دەرۋازىدىكى چېرىكلەر ئۇ ئىككى «كېنىزەك»نى قوۋۇقتىن ئۆزلىرى چىقىرىپ قويغان، لېكىن

ئۇلار قىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى «يېزىغا تۇغقان يوقلاشقا ماڭدۇق» دەپ ئالدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن باشلىرىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ يەنلىغ ئاباگى تىنتىشقا ئەۋەتكەن چېرىكلەرگە قەستەن «كۆرمىدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بۇ شۇم خەۋەردىن يەنلىغ ئاباگى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى، شۇڭا ئۇ بىر ئىزىدا تۇرالماي گويا ئىچىنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك راۋاقنى پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ راۋاقنىڭ شەرقىي سوقمىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— يەنلىغ خاشى مىڭبېگى! — دېدى پەسكە قاراپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، — سەن ماڭسۇر بەگ بىلەن بىللە هازىرلا يىراق يېزىلارغا بېرىپ، گۇزەل ئۇيغۇر قىزلىرىدىن ئىككىنى تېپىپ كەل، قۇرۇق قول قايتىپ كەلسەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن!

— خوپ، بەگ ئاتا!

يەنلىغ خاشى مىڭبېگى شۇنداق دەپلا ماڭسۇربەگ بىلەن ئوتتۇزدەك ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ يېزىغا قىز بۇلاشقا يۇرۇپ كەتتى. ئۇلار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن، قەلئەنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن باش - كۆزلىرى يارىلانغان ئىككى چېرىك هارغان ئاتلىرىنى قامچىلىغانلىرىچە كىرىپ كەلدى. ئەتراپتا تۇرغان چېرىكلەر ئۇلارنى كۆرۈپ، بىر - بىرلىرىگە ئەجەبلىنىپ هەم قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇشتى. ئاتلىق چېرىكلەر راۋاققا ئون قەدەم ئارىلىق قالغاندا، ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ يۈكۈندى ۋە يەنلىغ ئاباگىغا قاراپ:

— دا . . . داد، بەگ ئاتا! — دېدى هەر ئىككىسى تەڭلا توۋلاپ، كېيىن بىرى سۆزلىدى، — كۆيۈك تاغقا ئوت كېتىپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىۋاتساق، غىل سايغا كەلگەندە تۇيۇقسىز بىر قانچە مىڭ ئاتلىق ياراغلىق ئادەم پەيدا بولۇپ، بىزگە ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئۇچقۇر شامالدەك ئۇچىدىكەن، ئۆزلىرى ئادەمگە گويا يولۋاستەك

ئېتىلىدىكەن، ئۇلارغا ئوقيا، قىلىچ ۋە نەيزىلەرمۇ تەسىر قىلمايدىكەن! شۇڭا ئۇلار بىز ئىككىمىزدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلىۋەتتى، ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئاران تەستە قېچىپ كەلدۇق.

— نېمە... نېمە... نېمە؟!— دېدى يەنلىغ ئاباگى ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ،— قىرغىن قىلىۋەتتى، دېدىڭمۇ؟

— شۇ... شۇنداق بەگ ئاتا!

ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن بۇ شۇم خەۋەرلەر يەنلىغ ئاباگىغا گويا يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ راۋاقنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە گويا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك سەكرەپ، چوغقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى.

— پەرمان!— دېدى يەنلىغ ئاباگى بىر پەستىن كېيىن پەسكە قاراپ،— ھەر قايسى سانغۇن، سەركەردىلەر چېرىكلەرنى دەرھال تاغقا ئاتلىنىپ، «سادىر» دېگەن يالاڭتۆشكە جازا يۈرۈشى قىلىڭلار! ئۇنىڭ ئۆزىنى «مەن قاغان ئوغلى قادىر» دەۋالغىنى پۈتۈنلەي يالغان، ئاۋۇ نان قېپى، قورقۇنچاق چېرىكلەرنىڭ كۆيۈكتاغقا ئوت كېتىپتۇ دېگىنىمۇ، ئۇلارغا تىغمۇ تەسىر قىلمايدىكەن دېگىنىمۇ پۈتۈنلەي يالغان! كۆيۈكتاغقا ئوت كەتتى، دېگەن ئىشمۇ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھىيلىسىدۇر، شۇڭا سىلەر دەرھال جازا يۈرۈشى قىلىپ، «سادىر» دېگەن ئۇيغۇرنى دەرھال ھۇزۇرۇمغا تىرىك ئېلىپ كېلىڭلار. كىمكى ئۇرۇشتىن يانسا، ئارقىسىغا قاچسا كاللىسى ئېلىنىسۇن! ھەرقايسى سانغۇن ۋە سەركەردىلەر، قېنى تاغقا قاراپ ئاتلىنىڭلار!

يەنلىغ ئاباگىنىڭ يارلىقىدىن كېيىن، چېرىكلەر سەپ - سەپ بولۇپ تاغقا قاراپ ئاتلاندى. ئۈچقاندەك كېتىۋاتقان ئات تۇياقلىرىدىن قويۇق توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، قەلئە ئىچىنى گويا قارا بوران قاپلىغاندەك بولۇپ كەتتى. پىيادە چېرىكلەر توپا -

چاڭ ئارىسىدا ئاتلىق چېرىكلەرگە ئەگىشىپ يۈگۈرۈشتى . گەرچە ئۇلار ئەنە شۇنداق تېز ، چاققان ھەرىكەتلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن قورقۇۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى . . .

*　　*　　*

قەلئە بىلەن قارلىق تاغ ئارىسىدىكى غىل سايدا چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۆز قانلىرىغا چىلىنىپ ياتاتتى . بەزى جەسەتلەرنىڭ گەۋدىسى باش قىسمىدىن تاكى قورساققا كەلگۈچە ئىككىگە بۆلۈنگەن ، بەزىلىرىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقلىرى چىقىپ قالغانىدى ، بەزىلىرى بېلىدىن چېپىپ تاشلانغان ، بەزىلىرىنىڭ ئۈچەي - قارنى يەردە سۆرىلىپ قالغانىدى . بەزى ئېغىر زەخىملەنگەن چېرىكلەر ۋايجانلاپ ئىڭراپ يېتىشاتتى . جەسەتلەر ئارىسىدا پۇت - قوللىرىدىن ئايرىلىپ ئۆمىلەپ يۈرگەنلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى ، بىر نەچچە چېرىك قەلئە تەرەپكە قاراپ ئاقساپ مېڭىپ كېتىپ باراتتى . كۈن بىلەن تەڭ ئالىقاياقلاردىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن سېغىزخان ، قاغىلار ، ئېچىرقاپ كەتكەن سارلار غىل ساي ئۈستىدە پەسلەپ ئايلىنىپ ، كەسلەنچۈك بىلەن پاتمىچۇقلار جەسەتلەر ئارىسىدا قىمىلدىشىپ يۈرەتتى . . .

شەھەردىن ئوقتەك چىقىپ كەلگەن چېرىكلەر غىل سايدىكى جەسەتلەرنى ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قاغا - قوزغۇنلارنى كۆرۈپ ، سوغا چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ قېلىشتى . يۇقىرىقى ھالنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشكەن ئۈچ - تۆت چېرىك قاچماقچى بولۇۋىدى ، يۈز بەگلىرى ئۇلارنى قىلىچنىڭ كەينى بىلەن ئۇرۇشتى ، شۇنىڭ بىلەن قاچماقچى بولغانلار نائىلاج سەپكە قېتىلىپ مېڭىشتى .

چىرىكلەر پېشىن ۋاقتىدا كۆيۈك تاغقا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا كۆيۈكتاغ ئۈستىدە شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى قىرى - چۆرىلەر، بالىلار ۋە يۈزچە لەشكەرلا پەسكە قاراپ تۇرۇشماقتا ئىدى. چىرىكلەر بۇ ئازغىنە ئادەمنى كۆرۈپ، بىر ئاز يۈرەكلىرىنى توختىتىشتى. ئارقىدىن باش سانغۇننىڭ يارلىقى بىلەن بىر قىسىم ئاتلىقلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، پىيادە لەشكەرلەر بىلەن سەپ بولۇپ، بايراقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى تاغقا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. ئەمما، تاغ ئۈستىدىكىلەر گويا ئۇلارنى كۆرمىگەندەك ئۆزلىرى دۆۋىلىۋالغان تاشلارنىڭ ئارقىسىدا تاغقا چىقىۋاتقان چىرىكلەرنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇشماقتا ئىدى. چىرىكلەر تاغ ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ جىم تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئۇلار بىزدىن قورقتى» دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، قانداق، ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ ۋارقىرىشىپ، قىيا - چىيا قىلىشىپ تېز ئۆرلەشكە باشلىدى. بىراق، ئۇلار تاغنىڭ تەڭ يېرىمىغا چىقماي تۇرۇپلا، شەيخۇلئىسلام:

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ ئۈچ مەرتىۋە قاتتىق ۋارقىرىدى.

بۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ لەشكەرلەرگە چۈشۈرگەن جەڭگە ئاتلىنىش يارلىقى ئىدى. ئۇنىڭ يارلىقى بىلەن تەڭ تاغ ئۈستىدىكى لەشكەرلەر، قىرى - چۆرىلەر، ھەتتا بالىلارمۇ ئالدىدىكى قورام تاشلارنى چىرىكلەرگە قارىتىپ دومىلىتىشقا باشلىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان چوڭ - كىچىك قورام تاشلار گاھ دومىلاپ، گاھ ئۇچۇپ، چىرىكلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلىدى. تاشلار چىرىكلەرنىڭ بېشىغا، پۇتلىرىغا تېگىپ، ئۇلارنى يىقىتتى، دومىلىتىۋەتتى، بىرنەچچە چىرىك دومىلىغان پېتى بېرىپ دەرياغا ئۇچۇپ چۈشتى. تاغ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان تاشلار كۆپەيگەنسېرى چىرىكلەر

قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ۋايجانلىغان، زارلانغان سادالار تاغ باغرىنى بىر ئالدى. جىنىدىن ئايرىلغان، پۇت - قولى چىقىلغان چېرىكلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئاخىر چېرىكلەر قېچىپ تاغدىن سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. تاغ باغرىدىكى ئاتلىق چېرىكلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ، قارىغايلارغا باغلاپ قويغان ئاتلىرىغا قاراپ يۈگۈردى، بىراق ئۇلار كېچىككەندى، كۆيۈكتاغنىڭ ئالدى باغرىدىكى قارىغايلىق ئارىسىغا ئالدىن يوشۇرۇنغان قادىرخان باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر شەيخۇلئىسلام «ئاللاھۇ ئەكبەر!...» دەپ ۋارقىرىغان چاغدىلا چېرىكلەرنىڭ تاغقا چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغان سانغۇن ۋە سەركەردىلەرنى قورشاپ، جىنىنى جەھەننەمگە يوللاپ بولۇشقانىدى. چوپانسىز پادىغا ئوخشاپ قالغان ئاتلىق چېرىكلەر باشلىقلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ، ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. لېكىن، قادىرخاننىڭ لەشكەرلىرى دەرھال ئۇلارنى قورشاپ، ئۇدۇل كەلگەننى قىرىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدا قاتتىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

شەيخۇلئىسلام بولسا تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ توختىماي:

— ئى قېرىنداشلار! — دەپ ۋارقىرايتتى، — بۇ قاراقىتانلاردىن ئاتا - ئاناڭلار ۋە يۇرت - خەلقىڭنىڭ قىساسىنى ئېلىڭلار! ھەرگىز ئارقىغا يانماڭلار بۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتسەڭلار شېھىت، ھايات قالساڭلار غازىدۇرسىزلەر!...

شەيخۇلئىسلامنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرى لەشكەرلەرگە تېخىمۇ ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكتە، لەشكەرلەر چېرىكلەرنى ئات بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ چاپماقتا، چېرىكلەر بولسا ھەر تەرەپكە پېتىراپ قاچماقتا، ئۇلارنىڭ گاھلىرى جان ئاچچىقىدا قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرگە قوللىرىدىكى نەيزىلىرىنى شىلتىپ قويۇپلا، يەنە قاچماقتا، يەنە بەزى چېرىكلەر يالىرىغا ئوق سېلىپ، لەشكەرلەرنى نىشانغا ئېلىۋاتقاندا ئارقا تەرىپىدىن

كەلگەن لەشكەرلەر ئۈشتۈمتۇت ئۇلارنىڭ كاللىلىرىنى كەسمەكتە ئىدى. بەزى چېرىكلەر ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا قاچسا، بەزى چېرىكلەر تىرىك قېلىشنىڭ ئۈمىدىدە ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاشتى. ئاخىر ئاتلىق چېرىكلەر لەشكەرلەرگە تەك كېلەلمەي كۆيۈكتاغنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ قاچتى، لېكىن بۇ چاغدا شەيخۇلئىسلام باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر تاغدىن چۈشۈپ بولغانىدى. شۇڭا، چېرىكلەر تاغ باغرىدا قاپسىلىپ قالدى.

تاغ ئۈستىدە تۇرغان قېرى ـ چۆرىلەر بىلەن كىچىك باللار لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكتە ئىدى. ھەتتا بەزى قېرىلار بىلەن جۈرئەتلىك چوكراق باللار تاغدىن چۈشۈپ ئۆلگەن چېرىكلەرنىڭ ياراغلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇمغا ئۆتتى...

قاتتىق جەڭ كۈن بىلەن تەڭ ئاياغلاشتى.

ــ ئەي ئەزىز قېرىنداشلار! ــ دېدى قادىرخان تىزگىنىنى سىيرىپ، چاپچىپ تۇرغان بوز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، ــ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدا «ھۇجۇم قىلغان كىشى غەلىبە قىلىدۇ، ئۆزىنىلا مۇداپىئە قىلغان كىشى ھامان مەغلۇپ بولىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. شۇڭا، قېرىنداشلار، چارچىغان ياغىغا ئارام بەرمەيلى، يەنىلىغ ئاباگى مەھكىمىسىگە ھازىرلا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئوت ياقايلى! يەنىلىغ ئاباگىدىن قىساس ئالايلى، قېنى ئالغا!...

خان شۇنداق دەپلا بوز ئېتىنىڭ بېشىنى تاش قەلئە تەرەپكە قاراپ بۇرىدى. قىزىپ كەتكەن بوز ئات تاش قەلئەگە قاراپ قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى، لەشكەرلەرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى، ئاتلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ چاپماقتا ئىدى. قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا قانغا بويالغان قىلىچ، نەيزىلەر جۇلالىنىپ تۇراتتى.

قادىرخان باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر تاغ قەلئە دەرۋازىسىغا

يېتىپ كەلگەندە كۆك شۈنچىلىك قاراڭغۇلاشقانىدىكى ، ئادەملەر ئۆزىدىن بىر قەدەم يىراقلىقتىكى نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيتتى . شۇڭا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنى ئۆز ئادەملىرىمىز غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالغان دەرۋازىۋەن چېرىكلەر دەرۋازىلارنى كەڭ ئېچىۋەتتى . سېپىل ئۈستىدىكىلەر مەشئەللەرنى يېقىپ ، سېپىل تاملىرىغا قادىدى ، ئۇلار يېڭىلىشكەنىدى . لەشكەرلەر قەلئەگە كىرىپلا ئالدى بىلەن دەرۋازىۋەن چېرىكلەرنىڭ كاللىسىنى ئالدى .

ھەش - پەش دېگۈچە قەلئە ئىچىنى قىيا - چىيا قاپلىدى . مەھكىمە ئىچىدە بىرپەس قاتتىق جەڭ بولغاندىن كېيىن بىر بۆلۈك چېرىكلەر يوقىتىلدى ، قالغان چېرىكلەر قېچىپ ، يوشۇرۇنۇشتى . يەنلىغ ئاباگىنىڭ ئالاھىدە بېزەلگەن قەندەللەردىكى شامدانلار كۆيۈپ تۇرغان راۋاقنى دەرھال مۇھاسىرىگە ئېلىندى . قادىرخان راۋاققا ۋايىت تىلماچنى باشلاپ ئۆزى چىقتى ۋە راۋاقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مۈشۈكتىن قورققان چاشقاندەك تۈگۈلۈپ ، كۆزلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن يەنلىغ ئاباگىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ، كىچىككىنە بېشىنى راۋاقنىڭ تۈۋرۈكىگە بىرقانچە قېتىم ئۇرۇۋەتتى :

— ئەي نائىنساپ چىل بۆرە ! — دېدى قادىرخان غەزەپ بىلەن لەشكەرلىرى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ، — مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟ مەن سەن بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن توسۇن ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان «سادىر» بولىمەن ، تېخىمۇ ئېنىق بىلمەكچى بولساڭ ، مەن تاش قەلئەنىڭ بۇرۇنقى قاغانى ياسىن قاغاننىڭ ئوغلى قادىر قاغان بولىمەن . ماۋۇ ساڭا قاراپ تۇرغان كىشىلەر سېنىڭ زۇلمىڭغا ئۇچراپ خارلانغان ، ئۆي - ماكانسىز قالغان تاش قەلئەلىك پۇقرالار ، بىز بۈگۈن سەندىن ئاتام ياسىن قاغاننىڭ ۋە يۇرت خەلقىنىڭ قانلىق قىساسىنى ئالىمىز !

خاننىڭ سۆزلىرىنى ۋايىت تىلماچ يەنلىغ ئاباگىغا بىرمۇ بىر

ئۆرۈپ بەردى . ئۇ قادىرخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، چىرىكلىرى قىرىلىپ تۈگىگەنلىكىنى بىلدى ، تايانچىسىز بىچارە بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى .

قادىرخان يەنلىغ ئاباگىنى راۋاقنىڭ سول تەرىپىگە ئېلىپ كېلىپ ، ئۇ تەرەپتە قاراپ تۇرغان پۇقرالارغا كۆرسەتتى . بىر لەشكەر شامى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان شامداننى خاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى . قادىرخان يەنلىغ ئاباگىنىڭ بېشىنى تۇۋرۇككە بىرقانچە قېتىم ئۇرۇۋېتىپ :

— ئى خارلانغان ، ئازاب چەككەن قېرىنداشلىرىم ! — دېدى پۇقرالارغا قاراپ ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ ، — مانا بىز بۈگۈن ئاخىر ھۆرلۈككە ئېرىشتۇق ! سىلەرگە زۇلۇم سالغان بۇ قانخور جاللاتنى مانا ئاخىر قولغا چۈشۈردۇق ! مەن بۇ قانخوردىن ئاتام ۋە پۇقرالارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇ ئىپلاسنى پاسكىنا راۋىقى بىللەن بىللە كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئەمىر قىلىمەن .

— شۇنداق قىلىش كېرەك .

— كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك .

— ياخشى قىلدىڭىز ، — دەپ ۋارقىراشتى لەشكەرلەر .

لەشكەرلەرنىڭ ياڭراق ساداسى تاش قەلئەنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى . يەنلىغ ئاباگى بۇ سادادىن قاتتىق چۆچۈپ ، تىپىرلاپ كەتتى . قادىرخان يەنلىغ ئاباگىنىڭ ئۇزۇن تاۋار ئىمچىسىنى يىرتىپ ، ئۇنى ئىمچىسىنىڭ پارچىسى بىلەن راۋاقنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆگەپ باغلىدى . ئارقىدىن پەسكە قاراپ :

— سۇباشى ، راۋاقنىڭ ئىچى - تېشىغا ياغ تۆكۈڭلار ۋە ماڭا بىر چېلەك ياغ ئېلىپ چىقىپ بېرىڭلار ! — دېدى .

سۇباشى مىڭبېگىلەرنىڭ ياردىمىدە ياغ ئامبىرىدىن ياغ ئېلىپ چىقىپ ، خاننىڭ ئەمرىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بەجا كەلتۈردى . قادىرخان سۇباشى ئېلىپ چىققان ياغنىڭ يېرىمىنى

راۋاقنىڭ ئۇٔچىنچى قەۋتىگە تەكشى چيچىپ بولغاندىن كيىن ، قالدى قىسمىنى تۇٔۋرۇٔككە باغلانغان بەگنىڭ بيشىدىن تۆكتى ، ئارقىدىن راۋاقنىڭ ئوتتۇٔرىسىغا ئيسىپ قويۇٔلغان پانۇٔسنى ئيلىپ ، راۋاقنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاتلاپ قويۇٔلغان بىر پەردىنى يىرتىپ ئيلىپ ، ئۇٔنى ياغقا چىلاپ ، پانۇٔستىكى ئوتتا كۆيدۇٔرۇٔپ پەسكە تاشلىدى . ھەش - پەش ديگۇٔچە ئوت تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كۆيۇٔشكە باشلىدى . قادىرخان ئوت تاكى يەنلىغ ئاباگى بەگكە تۇٔتاشقۇٔچە قاراپ تۇٔرۇٔپ ، ئۇٔنىڭغا تۇٔتاشقاندىن كيىن سۇٔباشى بىلەن بىللە ئالدىراپ پەسكە قايتىپ چۇٔشتى .

خان پەسكە چۇٔشۇٔشى بىلەن تەڭ ئوت تيخىمۇٔ ئۇٔلغىيىپ كەتتى ، تۆت ئەتراپىنى ئوت يالقۇٔنى ئورۇٔۋالغان بەگ قاتتىق ۋارقىراشقا باشلىدى . ئۇٔنىڭ نالە - زارلىرىنى ئاڭلاپ ، پۇٔقرالار گويا دەردى چىققاندەك بولدى ۋە «خوپ بولدى ، خوپ بولدى !» دييىشتى - دە ، ئارقىدىن كۇٔلۇٔشۇٔپ كەتتى .

ئوت يالقۇٔنى بارغانچە ئۇٔلغايماقتا ، پۇٔقرالار قاقاقلاپ كۇٔلمەكتە ، يەنلىغ ئاباگى خۇٔددى قاپقانغا چۇٔشۇٔپ قالغان يىرتقۇٔچ ھايۋاندەك ھۇٔۋلاپ ۋارقىرىماقتا . . .

# ئاخىرقى سۆز

مىلادى 1143 ـ يىلى قاراقىتانلارنىڭ خانى يەلۈي تاشىن ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى يەلۈي ئىلى كىچىك بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەلۈي تاشىننىڭ خوتۇنى كوياڭ يەنى «پوسوۋەن خان» خان بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، قاراقىتانلار ئىچىدە خانلىقنى تالىشىش كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى ۋە كوياڭ ئۆلتۈرۈلدى . مىلادىنىڭ 1150 ـ يىلى قاراقىتانلارنىڭ تەختىدە يەلۈي ئىلى ئولتۇردى . ئۇ تېخىمۇ زالىملىشىپ ، پۇقرالارنىڭ ئۇستىدىكى زۇلۇمنى ئاتىسىدىنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى . نەتىجىدە قاراقىتانلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بېسىۋالغان ھەرقايسى شەھەرلەردە كۈندە دېگۈدەك ئىسيانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇردى ، جۈملىدىن تاش قەلئەدىمۇ قادىرخانىمۇ يەلۈي ئاباگىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى .

قادىرخان تاش قەلئەنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، قاراقىتانلارنىڭ بارلىق تۈزۈم ـ قائىدىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئاتىسى ياسىنخان دەۋرىدىكى ئادىل تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى ، ئەلنى شەرىئەت بويىچە ئىدارە قىلدى . ئۇ باستۇرۇپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ھەم باشقا جايلارنىمۇ قاراقىتانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ تەييارلىق قىلدى . تاش قەلئەنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىن ، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ، ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدى .

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى .

قاراقىتانلارنىڭ خانى يەنلىغ ئېلى شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تاش قەلئەگە نۇرغۇن چېرىك ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ مۇنچىۋالا كېچىكىپ كېلىشىدە مۇنداق سەۋەب بار ئىدى: بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھەرقايسى جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن توپىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، يەنلىغ ئېلى چېرىكلىرىنى ھېلى ئۇ شەھەرگە، ھېلى بۇ شەھەرگە ئەۋەتىپ، قانلىق باستۇرۇپ، قەلئەگە ئەمدى نۆۋەت كەلگەنىدى. قادىرخان تاش قەلئەگە كەلگەن چېرىكلەر بىلەن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇرۇشتى. ئاخىر چېرىكلەر سان جەھەتتىن كۆپ بولغاچقا قادىرخان لەشكەرلىرى تاش قەلئەگە قاپسىلىپ قالدى، قاراقىتانلار شەھەرگە سىرتتىن كىرىدىغان بارلىق تەمىناتنى ئۈزۈپ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ قادىرخان يەر ئاستى يول ئارقىلىق تەمىنات توشۇپ، چېرىكلەر بىلەن يەنە بىر مەزگىل سوقۇشتى. ئاخىر قايسى بىر مەلئۇننىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن يەر ئاستى يولىنىڭ سىرتقى ئېغىزىنى چېرىكلەر بىلىۋېلىپ، دەريا سۈيىنى يەر ئاستى يول ئارقىلىق قەلئە ئىچىگە باشلاپ، تاش قەلئەنى سۇغا غەرق قىلىۋەتتى. ئەمما، يەنلىغ ئېلى چېرىكلەر باشلىقىغا قادىرخاننى تىرىك تۇتۇشقا يارلىق چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار قادىرخاننى تىرىك تۇتۇپ، يەنلىغ ئېلىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. يەنلىغ ئېلى قادىرخاننى باشقا يۇقرالارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن كاجىۋىغا سولاپ، ئۇنى قاراقىتانلار ئىشغال قىلىۋالغان دائىرىدە سازايى قىلدۇردى. قادىرخان ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئەمما، ئۇنىڭ نامى، باتۇرلۇقى يۇرتداشلىرى قەلبىدىن، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

1996ـ يىلى كەلپىندە يېزىلدى،

1998ـ يىلى ئاۋغۇستتا كەلپىندە تۈزىتىلدى.

[General Information]
书名=无情的年代  维吾尔文
SS号=40300723